بسم الله الرحمن الرحيم

HAKSEVER

# تەسرلىك ھېكايىلەر

①

نەشرگە ئۇيۇشتۇرغۇچى


**Haksever İslam Araştırma Merkezi**

**ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى**

| | |
|---|---|
| Redaksiyon | تەھرىر |
| **Habibullah KURBANİ** | **ھېبىبۇللاھ مەتقۇربان** |
| Çevreyen | تەرجىمە قىلغۇچى |
| **Muhammed BİŞARET** | **مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت** |
| Kapak & Sayfa Tasarim | بەت ۋە مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى |
| **Ziya KAŞGARİ** | **زىيا قەشقەرى** |
| Yayinci | نەشر قىلغۇچى ئورۇن |
| **Haksever İslam Araştırma Merkezi** | **ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى** |

**ISBN:** 978-625-00-0277-3

yayın adresi:

Maltepe mah. Davutpaşa cad. Güven iş merkezi c blok
no:83/3 iç kapi no:264 zeytinburnu / istanbul

2023 ـ يىلى 1 ـ ئاي



مەزكۇر ئەسەرنىڭ بارلىق ھوقۇقى ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىگە تەۋە. ھېچقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن بېسىپ تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.



ئالاقىلىشىش ئادرېسى: Haksever090@gmail.com

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن

# تەسىرلىك ھېكايىلەر

## 1 ـ قىسىم

تەرجىمە قىلغۇچى

**مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت**

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

بۇ كىتابنىڭ باسما چىقىملىرى 2018 _ يىلى ۋاپات بولغان ئابدۇسەمەت مەخسۇمنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتى تەرىپىدىن مەرھۇمنىڭ ھەققىدە سەدىقە قىلىندى. جانابى ئاللاھتىن ئىلىم تارقىتىش ئۈچۈن سېلىنغان بۇ مۇبارەك سەرمايىنى مەرھۇم ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگە قەدەر سەدىقە جارىيە قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمىز.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........ 1
ئىلغار ئوقۇتۇش مېتودى ........ 7
ئوچۇق قالغان تېلېفون ........ 12
قول قولنى يۇيسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيۇپتۇ ........ 18
ئاللاھ كەپتۇ! ........ 23
ئىسپاتىڭ بارمۇ؟ ........ 28
باغرى تاش ئانا ........ 34
بالا دەۋەتچى ........ 39
بىباھا نەسىھەت ........ 43
جادۇللاھ قۇرئانىي ........ 46
ھامىلىلىقتىن خەلىپىلىككىچە ........ 54
ساندۇقتا ساقلانغان قۇرئان ........ 61
شۇرەيھ قازى ........ 67
قاغا دېدىمغۇ، قاغا! ........ 72
مالىك ئىبنى دىنارنىڭ تەۋبىسى ........ 78
ئۇنتۇلماس دەرس ........ 83
ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلار ........ 88
ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ چۈشى ........ 94

نېمە تېرىساڭ، شۇنى ئورايسەن ........................... 99
ياخشىلىق يەردە قالماس .............................. 104
ئاناڭغا ياخشىلىق قىلغىنىڭ ئۆزۈڭگە ياخشىلىق قىلغىنىڭدۇر ... 108

«تەسىرلىك ھېكايىلەر» ناملىق بۇ يۇرۇشلۇك ئەسەر «قرآني جناتي» (قۇرئانىم جەننىتىم) ناملىق ئەرەبچە كارتون فىلىملەر قانىلىدىكى تەربىيەۋى خاراكتېرگە ئىگە، رېئال ۋە تەسىرلىك ھېكايىلەرنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت تەرىپىدىن بالىلارنىڭ تىلى ۋە تەپەككۇرىغا يېقىنلاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىنغان ھەمدە 2019 ـ ۋە 2020 ـ يىللىرى نۇر ئېكرانى (NUR TV) تەرىپىدىن ئاۋاز بېرىلىپ تارقىتىلغان، جەمئىي بەش قىسىم بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر كارتون رەسىملەر قىستۇرۇلغان ھېكايىلەردىن تەركىب تاپقان يۇرۇشلۇك كىتاب قىلىنىپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇلدى.

※※※

# بېغىشلىما

ئىسلام ئەقىدىسى ۋە ئىسلام ئەخلاقىنى تەشكىل قىلغان ئانا ئامىللار تەگ ماھىيىتىدىن ئابستراكت ئۇقۇملار بولۇپ، بالىلارغا بۇنداق ئۇقۇملارنى يادلىتىش مۇمكىن بولسىمۇ، بۇ خىل نوقۇل يادلىتىش ئۇسۇلى بىلەن مەزكۇر ئەقىدە ۋە ئەخلاقلارنى سىڭدۈرۈشتەك ئاخىرقى مەقسەتكە يېتىش ئوڭاي ئەمەس. چۈنكى، تولۇق ئاڭقىرىلمىغان ئابستراكت ئۇقۇملارنىڭ بالىلارنىڭ ئىچكى ۋە ئىش - ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتەلىشى ئاساسەن مۇمكىن بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، بالىلارغا بۇ ئۇقۇملارنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلدۇرۇش ۋە سىڭدۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يوللىرىدىن بىرى دەل ئەدەبىياتتۇر. ھېكايە ۋە مەسەللەردىكى جانلىق ئوبرازلارنىڭ دىيالوگلىرى، ئىش - ھەرىكەتلىرى ۋە كونكرېت ۋەقەلەر بىلەن ئەقىدە، ئەخلاق جانلاندۇرۇلىدۇ، بالىلارغا ساپ نەزەرىيە شەكلىدە چۈشىنىش قىيىن بولغان ئۇقۇملار ئوبرازلار ئارقىلىق تېخىمۇ چۈشىنىشلىك قىلىپ سۇنۇلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دەۋەتچىلىكىدە ئەدەبىيات ئاساسەن ئۇنتۇلغان بىر ساھەگە ئايلىنىپ قالدى، بىزدىن يېتىشكەن ئىسلام ئەدەبىياتچىلىرى يېتىشىپ چىقمىدى ھەتتا ھازىر مۇھاجىرەتتىمۇ يېتىشىپ چىقمايۋاتىدۇ. بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئەھۋالدۇر. ئەدەبىياتىمىز ئارقىلىق بالىلىرىمىز

ئۈلگە ئالىدىغان ئىسلام قەھرىمانلىرى ۋە ئالىملىرىنى يارىتىپ چىقىرالىغان ۋاقتىمىزدىلا، بالىلىرىمىز يات مەدەنىيەتلەردىن كەلگەن سۈنئىي، پەۋقۇلئاددە قەھرىمانلارغا چوقۇنمايدۇ، ئۇلارنى ئۈلگە قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ مودا ئېقىمىنىڭ قۇربانلىرى بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئايەتلەرنى ناھايىتى روشەن مىساللار ئارقىلىق ئىزاھلايدۇ، ئاندىن ئاخىرىدا بۇ خىل ئۇسلۇبلارنى پەقەت ئەقىل ئىگىلىرى، ئويلىنىدىغانلار ۋە تەپەككۇر قىلالايدىغانلارنىڭلا چۈشىنەلەيدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ھەتتا بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا: «پاشىدەك كىچىك نەرسىنى مىسال كەلتۈرۈشتىنمۇ تارتىنىپ قالمايدۇ» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق مىساللار ئارقىلىق بىزگە بىلدۈرمەكچى بولغان ئابستراكت ھەقىقەتلەرنىڭ تېخىمۇ چۈشىنىشلىك، تەپەككۇرىمىزغا تېخىمۇ يېقىن بولۇشىنى مەقسەت قىلىدۇ. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىسلام ئەدەبىياتى ئىسلام دەۋەتچىلىكىنىڭ ئايرىلماس مۇھىم بىر پارچىسىدۇر، بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك بالىلىرىمىز ھەر كۈن ۋە ھەر دەقىقىدە سانسىزلىغان، رەڭگارەڭ ئۇچۇرلارنىڭ بومباردىمانى ئاستىدا قالغان، ئۇلارغا ھەقنى ئەسلىتىدىغان ئۇچۇرلاردىن بەكرەك ئۇنتۇلدۇرىدىغان ئۇچۇرلار ئەتراپىنى قاپلىغان بۈگۈنكىدەك بىر شارائىتتا، ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ ئەھمىيىتى تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن تېخىمۇ قىممەتلىك بولماقتا.

قولىڭىزلاردىكى بۇ بىر يۈرۈش ئەسەر ئۇيغۇر ئىسلام

مەتبۇئاتچىلىقىدىكى ياش - ئۆسمۈرلەرگە خاس ئەدەبىيات كىتابلىرىنىڭ كەم بولۇشىدەك مۇھىم بىر بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان قىممەتلىك ئەسەردۇر. ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا ئايەت، ھەدىس سۆزلەپ ئۇقتۇرۇپ بولالمىغان ئۇقۇم ۋە قىممەت قاراشلارنى مۇشۇنداق تەسىرلىك ھېكايىلەرنىڭ ياردىمىدە تېخىمۇ چۈشىنىشلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك شەكىلدە يەتكۈزەلەيدۇ، دەپ ئويلايمەن. ئەمما، بۇ تەرجىمە ئەسەرلىرىلا يېتەرلىك ئەمەس. ئەمدى ئۇيغۇرلاردىن ئىسلام ئەدەبىياتى ساھەسىدە ئىجادىي ئەسەر يازىدىغان يازغۇچىلارنىڭمۇ يېتىشىپ چىقىشى تولىمۇ زۆرۈر بولغان بىر زاماندۇر. ئۆسمۈرلىرىمىز ۋە مۇھاجىرەتتىكى ئائىلىلىرىمىز ئەنە شۇنداق يازغۇچىلارنى كۈتمەكتە.

ئاخىرىدا، ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىدىكى قېرىنداشلارنىڭ بۇ قىممەتلىك ئەمگىكىنى تەبرىكلەيمەن، بۇ يولدا بوشاشماي مېڭىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئاللاھتىن ئۇلارغا كاتتا ئەجىر سورايمەن.

— ئابدۇرېھىم دۆلەت

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

# كىرىش سۆز

ھېكايە ــ مەلۇم بىر زامان ۋە ماكاندا، بىر ياكى بىرقانچە كىشىنىڭ ئەمەلىي ياكى توقۇلما ۋەقەلىكنى بايان قىلغان بىر ياكى بىرقانچە بەتلىك قىسقا يازمىلاردىن ئىبارەت.

ھېكايە ــ بالىلار تەربىيەسىدىكى ئەڭ قەدىمىي ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ قەدىمدىن تارتىپ تۇرمۇش ۋە مائارىپتا كەڭ قوللىنىلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارمۇ پەرزەنت تەربىيەسىدە ھېكايىنىڭ رولىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن مىللەت. شۇڭلاشقا، كىچىكىمىزدە ئاتا - ئانىلىرىمىز، بوۋا - مومىلىرىمىز ئاخشاملىرى قىزىقارلىق، تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇخلاش ئالدىدا بېشىمىزنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلەر بىزنى ۋەقەلىكنىڭ ئىچىگە سۆرەپ كىرىپ، شېرىن خىياللار قايىنىمىغا تاشلايتتى. بىز ئەنە شۇنداق تۇيغۇ ئىچىدە تاتلىق ئۇيقۇغا كېتەتتۇق.

ئەمەلىيەتتە، مەزمۇنى ساغلام، تەسىرلىك، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھېكايىلەر:

- باللارنىڭ ئاڭلاش ۋە سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ؛ سۆزلۈك ئامبىرىنى بېيىتىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ راۋان جۈملە قۇرۇش

ئىقتىدارى يېتىلىدۇ. ھېكايىنىڭ بالىلارنىڭ تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن كۆپ پايدىسى بار.

- بالىلارنىڭ چۈشىنىش ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ؛ باشقىلار بىلەن نورمال ئالاقىلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ.
- بالىلاردا ئىجادچانلىق روھى يېتىلدۈرىدۇ.
- بالىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ ياخشى ئۆگىنىشكە ئىلھام بېرىدۇ ۋە نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.
- بالىلارنىڭ ئىجادىي ۋە تەنقىدىي تەپەككۇرىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. بالىلار بۇ ئارقىلىق سوئال سوراش ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئويلاپ چىقالايدۇ.
- بالىلىرىڭىز بىلەن ئولتۇرۇپ ھېكايە ئوقۇش ۋە ئاڭلاش بالىلىرىڭىزنىڭ قىزىقىشى ۋە قابىلىيىتىنى بايقىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ؛ ئۇلار بىلەن تېخىمۇ كۈچلۈك ھەم قويۇق ئالاقە ئورنىتىشىڭىزغا تۈرتكە بولىدۇ.
- بالىلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

- بالىلار ھېكايىدىكى ھەرخىل پېرسوناژلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئۇلارنى دورايدۇ ۋە ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىدۇ.
- بالىلارغا گۈزەل ئەخلاق سىڭدۈرىدۇ، ئەھمىيەتلىك ئۇچۇرلارنى يەتكۈزىدۇ.
- بالىلارغا ئەقىل - پاراسەت بېغىشلايدۇ، جاسارەت ۋە سەممىيلىك ئاتا قىلىدۇ.
- بالىلارنىڭ ئاتا - ئەجدادلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئەنئەنىلىرى ۋە مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرىدۇ.
- بالىلارنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.
- بالىلارنى تۈرلۈك مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. بولۇپمۇ ئوخشىمىغان خەلق ۋە مەدەنىيەتتىن كەلگەن ھېكايىلەر ئۇلارنى دۇنيانى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.
- بالىلار قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ھېكايىدىكى ۋەقەلىكلەردىن قولغا كەلتۈرگەن ئەقىل - پاراسەت بىلەن چىقىش يولى تاپالايدۇ، ھېكايە ئۇلارغا

ئازاب ۋە خۇشاللىقنىڭ ھاياتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىدۇ.

- بالىلارنى بۈگۈنى ۋە كەلگۈسىدە ئېھتىياجلىق بولغان ئېسىل ئىنسانىي قىممەت-قاراشلار بىلەن قوراللاندۇرىدۇ.
- بالىلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئەخلاق - پەزىلەت، قىممەت - قاراش، توغرا بولغان غايە - نىشانلارنى سىڭدۈرىدۇ.

ھېكايە — بالىلار ئۈچۈن پەقەت زوقلىنىپ ئوقۇپ قويىدىغان ياكى ھەۋەس بىلەن ئاڭلاپ قويىدىغان بىر كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىلا ئەمەس، ئەكسىچە ئىچىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قەھرىمانلار بىلەن بىرلىكتە ياشايدىغان ھاياتنىڭ بىر پارچىسىدۇر. بالىلار تەبىئىي ھالدا، ياخشى روللاردىكى قەھرىمانلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ؛ ئۆزىنى شۇلارنىڭ ئورنىغا قويىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس كۆزىتىش ئۇسۇلى، ياشاش شەكلى ۋە كىشىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق، شۇلارغا ئوخشاش تەپەككۇر قىلىشقا ۋە شۇلارغا ئوخشاش ھېس قىلىشقا تىرىشىدۇ؛ قەھرىمانلارنىڭ دوستلىرى ئۇلارغىمۇ دوستتەك، دۈشمەنلىرى ئۇلارغىمۇ دۈشمەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغىمۇ، قايغۇسىغىمۇ جور بولىدۇ. ھەتتا بالىلار ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئۆزلىرى قارار بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئەسلىدە بىز دېگەنلىرىمىز پەقەت بالىلاردىلا ئەمەس، چوڭلاردىمۇ كۆرۈلىدىغان ئەھۋالدۇر.

ھېكايە — ئەڭ ئۇنۇملۇك بايان تۈرلىرىدىن بىرىدۇر. ھېكايە ئېيتىش ئارقىلىق ئەڭ قىيىن تېمىلارنىمۇ ئاسانلا چۈشەندۈرگىلى، بالىلارنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلماس ئىزلارنى قالدۇرغىلى بولىدۇ. چۈنكى، بالىلارنىڭ ھەتتا چوڭلارنىڭ تەبىئىتىگىمۇ چۈشىنىش ۋە ئىدراك قىلىشتا ئابستراكت، قۇرۇق گەپلەرنى ئاڭلاشتىن بەكرەك، كونكرېت پىكىرلەرنى ئاڭلاش مايىللىقى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ھېكايىدە پىكىرلەر كونكرېتلاشتۇرۇلىدۇ، چۈشىنىش ئاسانلىشىدۇ. شۇڭلاشقا، ھېكايە ئارقىلىق ئۇقۇملار زېھنىمىزدە تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئېسىمىزدە ئۇزۇنغىچە ساقلىنىپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ئوچۇق ھەقىقەتلەر ۋە ئابستراكت چۈشەنچىلەر ھەم ئېتتىك ئۇنتۇلىدۇ، ھەم ئەقلىمىزنى چارچىتىپ، دىققىتىمىزنى چېچىۋېتىدۇ.

ھېكايە ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش دىنىي تەربىيەگە نىسبەتەنمۇ كەلگۈسى ئەڭ پارلاق بولغان ئۇسۇللاردىن بىرىدۇر. بىراق، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلاردىن بىرى، بالىلار ھېكايىلىرى بىزنىڭ مىللىي خاسلىقىمىزغا يات، دىنىمىز ۋە قىممەت - قاراشلىرىمىزغا خىلاپ بولماسلىقى كېرەك.

قولىڭىزدىكى «تەسىرلىك ھېكايىلەر» ناملىق بۇ كىتاب بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان يۈرۈشلۈك ھېكايىلەر توپلىمى بولۇپ، مۇھاجىرەتتىكى روھىيىتى قاغجىراپ، مەنىۋى تەشنالىقى كۈنسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيىتى بار دەپ قارىلىپ تەييارلاندى. كىتابتىكى ھېكايىلەر رېئال دۇنيادا يۈز بەرگەن، ساپلىق ۋە چىنلىققا ئىگە ۋەقەلىكلەر بولۇپ، بالىلارنى ساغلام ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن، ئالىيجاناب ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق قىلىپ يېتىلدۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھېكايىلەردە ئىلگىرىكى سالىھ كىشىلەر، مەشھۇر سۇلتانلار، ئۆلىمالار، قازى ـ قۇزاتلار، ساخاۋەتچى، ئاقكۆڭۈل، ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ تەسىرلىك ئىش ـ ئىزلىرى قىزىقارلىق كارتون رەسىملەر بىلەن ماسلاشتۇرۇپ بېرىلگەن بولۇپ، بالىلارنىڭ ھەتتا چوڭلارنىڭمۇ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىدۇ، بالىلارنىڭ يۇمران قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرىدۇ.

ئاللاھتىن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۈچۈن تەقدىم قىلىنغان بۇ ئاددىي خىزمىتىمىزنى ھەممەيلەنگە مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى ۋە ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنىڭ ئىمانلىق، گۈزەل ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك، يارامىلىق يېتىشىپ چىقىشىنى تىلەيمىز. شۇنداقلا پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ساغلام تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن تەييارلانغان بۇ ئەسەرنىڭ ھەربىر ئائىلىگە كىرىشى ھەم ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

**مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت**

# ئىلغار ئوقۇتۇش مېتودى

مۇستافا گۈزەل ئەخلاقلىق، ياخشى بىر يىگىت ئىدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز كەسپى بولغان ئەرەب تىلى ساھەسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئۈچۈن خىزمەت كۈتۈپ ئولتۇردى.



بۇ مەزگىلدە دادىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولدى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، دوستلىرىدىن بىرى ئۇنى شەھەر مەركىزىدىكى مەلۇم بىر خۇسۇسىي مەكتەپتە ئەرەب تىلى ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ بۇنىڭدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىلغار پىكىرلىرى، ئۆزگىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى بىلەن ياش ئۆسمۈرلەرنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت شېرىن چۈشى ئەمەلگە ئاشىدىغان پەيت يېتىپ كەلگەن ئىدى.



مۇستافا تەقسىملەنگەن سىنىپقا كىرىپلا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناھايىتى روھى چۈشكۈن، دەرسمۇ خۇشياقمايدىغان، ئېزىلەڭگۈ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار دەرس ۋاقتىدا تولىمۇ كەيپسىزلىك قىلاتتى، بىر - بىرى بىلەن ئوينىشاتتى.



مۇستافا كىچىكىدىن جاپاغا قارشى كۈرەش قىلىش روھى يېتىلدۈرگەن بولغاچقا، بۇ باللارنى يېتىشتۈرۈشتە كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېغىر جاپا - مۇشەققەتلەرگىمۇ كۆكرەك كېرىپ، سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرقانداق سەلبىي قىلمىشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ۋە ئۇلاردا گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرۈشكە بەل باغلىدى. چۈنكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىدە كۆرسىتىلگەن مەسئۇلىيەتنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ئىدى: «سىلەر ھەممىڭلار پادىچىغا ئوخشايسىلەر، ھەممىڭلار ئۆز پاداڭلارغا مەسئۇل سىلەر»[1].

مۇستافا بىرىنچى كۈنىلا سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسىملىرىنى بىر قاتار سوراپ، ئۆزئارا تونۇشۇپ چىقتى، باللارغا بەزى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ئوقۇپ بەردى ھەتتا بەزىدە چاقچاق قىلىپ كۈلدۈرۈپمۇ قويدى، يەنە ئوقۇغۇچىلاردىن چوڭ بولغاندا قانداق ئادەم بولۇش ئارزۇسى بارلىقىنى بىر - بىرلەپ سوراپ چىقتى. بەزىلىرى ئىنژېنېر، بەزىلىرى دوختۇر، بەزىلىرى ئوقۇتقۇچى، يەنە

1) سەھىھ بۇخارىي 893

بەزىلىرى ساقچى بولۇش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇمىدسىزلىك مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان بىرەر كەسىپنى ئىسمى بىلەن قوشۇپ يېزىپ چىقىشنى ئېيتتى. مەسىلەن، ساقچى مۇھەممەد، دوختۇر شەيما، ئىنژېنېر رامى دېگەندەك... ئاندىن ئۇلارنى كەسىپلەر بويىچە رەتلەپ ئولتۇرغۇزدى. ئىنژېنېرلار مەخسۇس بىر گۇرۇپپا، دوختۇرلار بىر گۇرۇپپا، مۇئەللىملەر بىر گۇرۇپپا دېگەندەك



ھەرخىل گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئولتۇردى. ھەممەيلەنگە ئۆز كەسپىگە يارىشا مۇئامىلە قىلىپ، ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمىنى چاقىرغاندا ئاشۇ ئۇنۋانى بىلەن قوشۇپ چاقىرىشقا باشلىدى.

ناۋادا بىرەر ئوقۇغۇچى خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سالسا ياكى تاپشۇرۇقنى ئىشلىمىسە، ئۇرۇپ ـ تىللىماي، مۇۋاپىق جازا قوللاندى. تەكرار خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇنۋانىنى ئۆچۈرۈۋەتتى ياكى ئۆز گۇرۇپپىسىدىن ئايرىپ، باشقا بىر گۇرۇپپىغا قېتىپ قويۇش جازاسى بەردى.

بۇنداق بولغاندا ھەربىر ئوقۇغۇچى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئۇنۋانىدىن يەنى ئارزۇسىدىكى كەسپىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى ـ دە، دەرسلەرنى قېتىرقىنىپ، ياخشى ئۆگىنەتتى، ئەخلاقسىزلىق قىلمايتتى. ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى خاتا جاۋاب بېرىپ

قالسا، مۇستافا قايتا چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمىسىمۇ بولىدىغان دەرىجىدە ئېزىپ چۈشەندۈرۈپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار خۇسۇسىي ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ دەرس مۇزاكىرە قىلدۇرۇشقا مەجبۇر بولمايتتى.

شۇ تەرىقىدە بىرقانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى مۇستافانىڭ نام - شۆھرىتى شەھەرگە پۇر كەتتى. ئەمما، مەكتەپتىكى دەرستىن سىرت خۇسۇسىي دەرس ئۆگىتىپ قويىدىغان ئوقۇتقۇچىلارغا بۇ ئىش تازا يېقىپ كەتمىدى. يېنىغا ئوقۇغۇچىلار دەرس مۇزاكىرە قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەلمىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ھەسەت ئوتى يالقۇنجاپ، مەكتەپ مۇدىرىغا مۇستافانى مەكتەپتىن قوغلىۋېتىش ھەققىدە شىكايەت قىلدى. بىراق، مەكتەپ مۇدىرى مۇستافانىڭ دەرس ئۆگىتىش مېتودى ۋە گۈزەل ئەخلاقىدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ شىكايىتىنىڭ دەل ئەكسىچە، مۇستافانىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، مەكتەپ بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك نەمۇنىلىك ئوقۇتقۇچى قىلىپ باھالىدى، تەقدىرنامە ۋە ماددىي مۇكاپاتلارنى بەردى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئوقۇتۇش مېتودىنىكى




ئىلغار تەرەپلەرنى يەكۈنلەپ چىقىپ، پۈتۈن مەكتەپلەردە شۇ مېتودنى قوللىنىش ئۈچۈن مائارىپ مىنىستىرلىكىگە تەكلىپ لايىھەسى سۇندى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەركىم ئەتە (يەنى قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. سىلەر ئاللاھنى ئۇنتۇغان، ئاندىن ئاللاھمۇ ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر. ئەھلى دوزاخ بىلەن ئەھلى جەننەت (قىيامەت كۈنى) باراۋەر بولمايدۇ، ئەھلى جەننەت بولسا مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئەگەر بىز قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ ئاللاھتىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ، بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار (ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئۈستىدە) ئويلانسۇن دەپ بايان قىلىمىز. ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى بارچە ئەيىب ـ نۇقساندىن پاكتۇر)، (مۆمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلىرىنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. ئاللاھ (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) ئاتا قىلغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[2].

2) ھەشر سۈرىسى: 24 - 18

# ئوچۇق قالغان تېلېفون

ئەكبەر ئۆز خىزمىتى بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئائىلىسىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيتتى، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ۋاقىت چىقىرالمايتتى. ئايالى زەھرا بۇنىڭدىن ناھايىتى نارازى بولسىمۇ، يولدىشىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئوچۇق بىر نەرسە دېيەلمەيتتى.



ئۇلارنىڭ ئۇسامە ئىسىملىك يالغۇز بىر ئوغلى بولۇپ، قاچان قارىسا غەمكىن يۈرەتتى. دادىسى ئۇنى بىرقانچە دوختۇرغا كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى. ئوغۇلنىڭ پىسخىكىسىدىن چاتاق چىققان بولۇپ، دەرس ئۆگىنىشىنى خالىمايدىغان بولۇۋالغان ئىدى.

بىر كۈنى ئەكبەر قاتتىق چارچاپ كېتىپ، چۈش ۋاقتىدا ئۆيىگە بالدۇرراق قايتىشنى ئويلاپ ئايالىغا تېلېفون قىلىپ:

ـ مەن ئۆيگە قاراپ كېتىۋاتىمەن. قورسىقىم بەكلا ئېچىپ كەتتى. تاماق تەييار قىلىپ قويۇڭ! ھە راست، ئۆيگە ئالغاچ بارىدىغان بىر نەرسە بارمۇ؟ ـ دېدى. ئايالى زەھرا:

ـ ھەممە نەرسە بار، پەقەت سىزلا كەلسىڭىز بولىدۇ. سىزنى ساقلايمىز ئەمسە، ـ دېدى ـ دە، تېلېفوننى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويدى. دىققەتسىزلىكتىن تېلېفون ئوچۇق قالغانىدى. ئەر

HAKSEVER

تېلېفوننى قويـاي دەپ تۇرۇشـغا ئايالـى بىلـەن ئوغلـى ئۇسـامەنىڭ پاراڭلاشـقان ئاۋازىنـى ئـاڭلاپ قالـدى:

ــ ئانا! دادام مېنى سورىدىمۇ؟ بىلىمەن، دادام مېنى ھەرگىز سوراپ قويمايدۇ.



ــ ھەئە، سورىدى ئوغلۇم، سېنى سورىماي قالاتتىمۇ، داداڭ ساڭا بەك ئامراق تۇرسا؟!

ــ دادام مېنـى ياخشـى كۆرىدىغـان بولسـا، نېمىشـقا مـەن بىلـەن ئولتـۇرۇپ پاراڭلاشـمايدۇ؟ ئۇنىڭغـا شـۇنچە يالقۇرسامۇ، پەيغەمبەرلـەر قىسسـىلىرىنى سـۆزلەپ بەرمەيـدۇ؟ ھېلىقـى «پەيغەمبەرلـەر قىسسىسـى» ناملىـق كىتابتىـن دادام پەقـەت بىـر بـەت ئوقـۇپ بېرىپـلا، ئۇنىڭدىـن كېيىـن ئوقـۇپ بەرمـىدى. دوسـتۇمنىڭ دادىسـى ھـەر كۈنـى ھېكايە ئوقۇپ بېرىدىكـەن. ئۇ مېنىـڭ ھېكايىگە ئامراقلىقىمنـى بىلىـپ، ماڭىمۇ نۇرغۇن ھېكايىلەرنـى ئوقـۇپ بـەردى. ئانـا! بىلەمسـىز؟ دوسـتۇمنىڭ ئۆيىگـە ھـەر قېتىـم بارغىنىمـدا، دادىسـى ئىشـتىن قايتىـپ كەلگەنـدە ئىشـىكتىن كىرىپلا ئوغلىچىنى كېرىگىنىچە:

ــ مېنىڭ ئوماق ئوغلۇم قېنى؟ ــ دەيدىكەن. دوستۇممۇ:

ــ مانـا، مانـا مـەن جېنىـم دادا! ــ دەپـلا دادىسـىنىڭ باغرىغـا ئۆزىنـى ئاتىدىكـەن. دادىسـى ئۇنـى قۇچىقىغـا ئېلىـپ كۆتـۈرۈپ، ئەركىلىتىـپ، سۆيۈپ قويىدىكەن. كاشكى، مېنىڭمۇ شۇنداق دادام بولسـىچۇ؟


ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن تىڭشىغان دادا چوڭقۇر خىيالغا پاتتى...

شۇ ئەسنادا تېلېفوندىن يەنە زەھرانىڭ ئاۋازى كەلدى:

ـ ئوغلۇم! مەن سېنى ھەر كۈنى سۆيۈپ قويىمەن ئەمەسمۇ؟! ئاۋازىڭنى سەل پەسرەك قىلغىن. داداڭ ئۆيگە يېقىنلىشىپ قالدى. داداڭ بەك ئالدىراش، ئوغلۇم! ئۇنى توغرا چۈشىنەيلى، بولامدۇ؟

ئەكبەر ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن تىڭشاۋاتاتتى، بىراق ئوغلىنىڭ كېيىنكى سۆزى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىتتى.

ـ بىلىمەن، ئانا! سىز مېنى قۇچاقلايسىز، سۆيۈپ قويىسىز، ئەركىلىتىسىز. بىراق، مەن دادامنىڭ مېھرىگە ئېچىرقاپ كەتتىم، ئۇنىڭ باغرىنى سېغىندىم.



زەھرا ئوغلىغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېدى:

ـ ئوماق ئوغلۇم! سىزمۇ بىلىسىز، دادىڭىز ھەر كۈنى ئىشتىن كەچ قايتىپ كېلىدۇ. ئۆيگە كېلىپلا يەنە باشقا ئىشلارنى قىلىدۇ. بوش ۋاقتى يوق. شۇنداقتىمۇ ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى سىزگە تەل قىلىپ بېرىۋاتىدۇغۇ؟!

ئۇسامەنىڭ چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈردى ۋە:

ـ ئانا! دادام كېلىپ بولغۇچە تېلېفونىڭىزنى بېرەم ئويناپ

تۇرسام بولامدۇ؟ ــ دېدى.

ئەكبەر دەرھال تېلېفوننى تاقىۋەتتى.

... ئۇسامە ئالتە ياشقا كىرىپتۇ. ئۇنى بىرەر قېتىممۇ باغرىمغا بېسىپ، سۆيۈپ قويماپتىمەن. مېھرىسىز ئۆتكەن بۇ يىللارنى ئۇ قانداق ئۆتكۈزگەندۇ؟



ئەكبەر شۇلارنى ئويلاپ، خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك كىتاب - دەپتەرلىرىنى ماشىنىدا قويۇپ، كىتابخانىغا كىردى - دە، ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن تەييارلانغان «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق كىتابنى سېتىۋالدى. ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ، ئىشىكنى ئاچقۇچ بىلەن ئاچماستىن قوڭغۇراقنى باستى. چۈنكى، ئۇ ئۇسامەنىڭ ئىشىك ئېچىشقا ئامراقلىقىنى بىلەتتى. دەرۋەقە، ئۇسامە ئىشىكنى ئاچتى ۋە دادىسىنىڭ كۈلۈمسىرەپ غۇلىچىنى كېرىۋالغىنىچە:

ــ قېنى مېنىڭ ئومىاق ئوغلۇم ئۇسامە؟ ــ دېگەن ھاياجانلىق كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ داڭ قېتىپلا قالدى، چۈنكى ئۇ بۇنى «ئويغۇنمۇ، چۈشۈمۇ؟» دەپ گاڭگىراپ قالغان ئىدى. ئۇ تېزلا ئېسىنى يىغىپ، خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا:

ــ مانا مەن ئۇسامە، جېنىم دادا! ــ دېگىنىچە دادىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. دادا ئوغلىنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ

چىقتى ۋە قايتا كۆتۈرۈپ، ئەركىلىتىشكە باشلىدى. ئاشخانا ئۆيىدىن چىقىۋاتقان زەھرا بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، خۇددى بۇنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى ۋە:



– چۈشلۈك تاماق تەييار بولدى! – دېدى.

شۇنداق قىلىپ ھەممەيلەن بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتى. ئەلۋەتتە ئەكبەرمۇ ئۇسامەنى قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزۇپ تاماق يېگۈزۈپ قويۇشنى ئۇنتۇمىدى.

تاماقتىن كېيىن ئەكبەر ئوغلىنى كۆتۈرگىنىچە ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ كەتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلىغىنىچە يانمۇيان يېتىپ ئۇنىڭغا ھېكايە ئوقۇپ بەردى. بىردەمدىن كېيىن ئۇسامە شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى. ئەكبەرمۇ ئۆمرىدە ھېس قىلىپ باقمىغان شېرىن لەززەت ئىچىدە ئوغلىنىڭ يېنىدا ياتقان پېتى ئۇخلاپ قالدى. ئويغانغاندا دادىسىنىڭ قۇچىقىدا ياتقانلىقىنى بىلگەن ئۇسامە ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە بۇنداق شېرىن ئۇيقۇدىن ۋاز كەچكۈسى كەلمىگەندەك، قايتا بىر ئۇخلىۋالماقچى بولۇپ كۆزىنى يۇمدى.



ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇسامەدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى، ئۇ ئەمدى ئۆزلۈكىدىن دەرسلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى ئاستا ـ ئاستا ياخشىلىنىپ، پىسخىكىسىمۇ بارا ـ بارا ئوڭشىلىشقا باشلىدى.

بۇلارنى كۆرگەن ئانا ئۆز ـ ئۆزىگە مۇنداق پىچىرلىدى: «ئاللاھقا شۈكرى! ئۇسامە باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ دوستىنىڭ دادىسى بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببىتىنى قىزغىنىپ شۇنداق بولۇپ قاپتىكەن ـ دە، ئەمدى ئۇ دادىسىنىڭ مېھرىگە قانالايدىغان بولدى. چۈنكى، دادىسى ئەمدى ئائىلىسىنىڭ، بولۇپمۇ ئوغلىنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ھەسەن بىلەن ھۈسەيىننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۈرىسىگە مىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ:

ئىككىڭلارنىڭ ئېتى نېمىدېگەن ياخشى ئات ھە! ـ دېدىم. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بۇ ئىككىسىمۇ ياخشى چەۋەندازلار، ـ دېدى ئۇلارنى ماختاپ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مەن گەپ ـ سۆزدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پاتىمەدىنمۇ بەكرەك ئوخشايدىغان بىرىنى كۆرۈپ باقمىدىم. پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كىرسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قوياتتى، يېنىدا ئولتۇرغۇزاتتى...»[3].

3) سەھىھ ئىبنى ھىببان، 6953

# قول قولنى يۇيسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيۇپتۇ

بىر يىگىت جۈمە نامىزىغا ئەزان چىقىشتىن بۇرۇن مەسچىتكە كىردى. بىرىنچى سەپتىكى ئۆزى دائىم ئولتۇرىدىغان يەردە شۇ كەمگىچە كۆرۈپ باقمىغان بىر كىشىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. يىگىت يەڭگىلىغىنە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئادەمگە قارىدى. ئۇ كىشى ئىخلاس بىلەن قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى. چىرايىدا تەقۋادارلىق ئالامەتلىرى جىلۋە قىلماقتا ئىدى.



يىگىت ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى كىشى ئۇنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ:

– مەن سىزگە ياردەم قىلغۇدەك بىرەر ئىش بارمۇ؟ – دېدى. يىگىت بۇنىڭدىن ھەيران قېلىپ:



– رەھمەت، تاغا! مېنىڭ ھېچقانداق ئېھتىياجىم يوق، – دېدىم ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن.

ئاندىن ئۇ سول تەرىپىگە قارىدى. سول تەرىپىدە مەسچىتنىڭ تازىلىقىنى قىلىدىغان بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇنىڭدىنمۇ ئوخشاش سوئالنى سورىدى. يىگىتنىڭ خىجىللىقتىن چىرايى ئوتقاشتەك قىزىرىپ:

– مەندەك بىردىن بۇنداق سوراشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، – دېدى.

ئۇ كىشى ياخشى ئىش قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىدىن سۆيۈنگەن چېغى، چىرايىغا بىردىنلا كۈلكە يۈگۈردى. ھېلىقى يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، نورمال ئېھتىياجىدىنمۇ كۆپرەك ياردەم قىلدى. يىگىت ئىنتايىن خۇشال بولۇپ مەسچىتتىن چىقىۋېتىپ ھېلىقى ئادەمدىن:



– سىز كىم بولىسىز؟ نېمىشقا ماڭا بۇنچىۋالا ياخشىلىق قىلىسىز؟ – دەپ سورىۋىدى، ئۇ كىشى مۇنداق دېدى:

– مەن بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن. ھەر جۈمە كۈنى مۇشۇنداق ياخشى ئىش قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. چۈنكى، مەنمۇ مۇشۇنداق ياخشىلىق تۈپەيلى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىغا ئايلانغان ئىدىم. ئەسلى ئىش مۇنداق: مەن ھەر قېتىم جۈمە نامىزىنى مەكتىپىمگە يېقىن بىر جايدىكى مەسچىتتە ئوقۇيتتىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنىڭ بىردىنبىر تايانچىم بولغان دادام تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتتى. بىر كۈنى ئىنتايىن قايغۇرغان ھالدا مەسچىتتە ئولتۇراتتىم. يېنىمدا ناماز ئوقۇۋاتقان ئىللىق چىراي بىر كىشى ماڭا قاراپ:

– بىرەر ئېھتىياجىڭىز بارمۇ؟ قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم

قىلاي، ــ دېدى. مەنمۇ تارتىنىپ ئولتۇرمايلا:

ــ ھەئە، بار. ئوقۇش پۇلۇمنى تۆلىيەلمەيۋاتىمەن. مېنىڭ بەكمۇ ئوقۇغۇم بار، ــ دېدىم. ئۇ كىشى ناھايىتى خۇشال قىياپەتتە:

ــ بولىدۇ، ئوقۇغۇچىلىق نومۇرىڭىزنى، ئىسمىڭىزنى دەپ بېرىڭ، مەن ئەتىلا تۆلىۋېتەي. ياخشى ئوقۇسىڭىز، تاكى مەكتەپ پۈتتۈرگىچە ھەر يىللىق ئوقۇش پۇلىڭىزنى تۆلەپ بېرىمەن، ــ دېدى.



خۇشاللىقتىن كۆزلىرىم ياشقا تولغان ھالدا ئۇنىڭغا دۇئا قىلدىم ــ دە، ئۇنىڭدىن:

ــ ماڭا نېمىشقا بۇنداق ياخشىلىق قىلىسىز؟ ــ دەپ سورىدىم ھەيرانلىق بىلەن. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ــ مۇبارەك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، ئۇ قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنى ياردەمسىز تاشلاپ قويمايدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسا، ئاللاھ تائالامۇ ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ؛ كىمكى بىر مۇسۇلماننى بىرەر خاپىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالسا، ئاللاھ تائالامۇ قىيامەت كۈنى ئۇنى ئېغىر كۈلپەتلەردىن

HAKSEVER

قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ؛ بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى يوشۇرسا، ئاللاھ تائالامۇ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى يوشۇرىدۇ»[4].

ناۋادا مېنىڭ ياخشىلىقلىرىمنى قايتۇرىمەن دېسىڭىز، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، خىزمەتكە چىقىپ ھال - كۈنىڭىز ياخشىلانغاندا، جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا يېنىڭىزدا ئولتۇرغان كىشىدىن مەن سىزدىن سورىغان سوئالنى سوراڭ. ئۇنىڭ بىرەر ھاجىتى بارلىقىنى بىلسىڭىز، كۈچىڭىزنىڭ يېتىشىچە ياردەمدە بولۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، مېنىڭ ياخشىلىقلىرىمنى قايتۇرغان بولىسىز.

مەن ئۇنىڭدىن بەكمۇ تەسىرلەندىم. تاكى ئوقۇشۇمنى پۈتتۈرۈپ بولغۇچە ئاشۇ كىشى ھەر يىلى ئوقۇش پۇللىرىمنى تۆلەپ بەردى. مەن ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە ھەر يىلى مەۋسۇم ئاخىرىدا، ئوقۇش نەتىجىلىرىمنى يېنىغا ئېلىپ باراتتىم. ئۇ ماڭا ئويلىمىغان دەرىجىدە مۇكاپاتلارنى بېرىپ ئىلھاملاندۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، مەن ئوقۇشۇمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، ئاخىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىغا ئايلاندىم



ھەمدە قەلبىمگە تەسىر قىلغان ئاشۇ ياخشىلىقنىڭ تۈرتكىسىدە مەنمۇ ھەر جۈمە كۈنى مەسچىتلەرگە بېرىپ، يېنىمدا ئولتۇرغان كىشىدىن شۇ سوئالنى سوراپ، بىرەر ھاجىتى بولسا راۋا قىلىپ كېلىۋاتىمەن.

4) سەھىھ مۇسلىم 2699

مەن بۇ ئىشنى تاكى ۋاپات بولغۇچە داۋاملاشتۇرىمەن.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش - ئەقرىبالارغا سىلە - رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز - ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلىسۇن دەپ ئاللاھ سىلەرگە پەند - نەسىھەت قىلىدۇ. سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەن چېغىڭلاردا، ئاللاھنىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، قەسەمىڭلارنى (ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار، چۈنكى سىلەر ئاللاھنى گۇۋاھچى قىلدىڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[5].

5) نەھىل سۈرىسى:90 - 91


# ئاللاھ كەپتۇ!

بىر ئەر - ئايال، ئىككى بالا ۋە بىر ئانىدىن تەركىب تاپقان بەش كىشىلىك بىر ئائىلە بار ئىدى. قىز ئالتە ياشقا، ئوغۇل سەككىز ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۇلار شەھەر سىرتىدا ئولتۇراتتى.

بىر كۈنى بالىلارنىڭ ئانىسى ئائىشە خانىم ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىغا يۆتكەلدى. نۇرغۇنلىغان تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن ئۇنىڭ خەتەرلىك بىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى مەلۇم بولدى. دوختۇر ئائىشە خانىمنىڭ يولدىشىغا:




- ئايالىڭىزنى جىددىي ئوپېراتسىيە قىلمىساق بولمايدىكەن، - دېدى. ئۇلار بۇنىڭدىن قايغۇرغان پېتى، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلىشتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئوپېراتسىيە چىقىمىنى تۆلىگۈدەك پۇلى يوق ئىدى.



ئەر شەھەردىكى دوستلىرىنى ئېسگە ئېلىپ، شۇلاردىن قەرز ئېلىش ئۈچۈن شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. قوشنا ئاياللار ھەر كۈنى دېگۈدەك ئائىشە خانىمنى يوقلاپ

تۇردى. لېكىن، ئۇلار: «ئاللاھ شىپالىق بەرسۇن!» دەپ دۇئا قىلىشىپ مەيۈسلەنگىنىچە چىقىپ كېتەتتى.

بىر كۈنى ئائىشە خانىمنىڭ ئىككى كىچىك بالىسى قوشنىلارنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاپ چوڭ ئانىسىدىن:

- «ئاللاھ» دېگەن كىم، ئۇ قەيەردە؟ ئۇ بىزنىڭ دۇئايىمىزنى ئاڭلاپ ئانامغا شىپالىق بېرەلەمدۇ؟ - دەپ سوراپ قالدى. چوڭ ئانا باللارنىڭ سوئالىدىن ھەيران قېلىپ جاۋابەن مۇنداق دېدى:



- ئاللاھ شىپالىق بېرەلەيدۇ، باللىرىم! ئۇ بىزنى ياراتقان، بىزنىڭ دۇئايىمىزنى ئاڭلايدۇ، تىلەكلىرىمىزنى ئىجابەت قىلىدۇ. بولۇپمۇ، سىلەردەك باللارنىڭ دۇئاسىنى بەكرەك ئىجابەت قىلىدۇ.

چوڭ ئانىنىڭ سۆزى باللارنىڭ خىيالىدىن كەتمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا قىز دۇكانغا بېرىپ بىر تال كونۋېرت سېتىۋالدى، ئاكىسى ئۇنىڭغا مۇنۇلارنى يازدى:



«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئەي چەكسىز قۇدرەتلىك ئاللاھىم! بىزنىڭ كېسەل ئانىمىزغا شىپالىق بەرگىن!

دادىمىز قەرز ئىزدەپ، شەھەردىن قايتىپ كېلەلمىدى. ئانىمىزنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتتى. چوڭ ئانىمىز سېنى چۈشەندۈرۈپ:

‹ئاللاھ مەرھەمەتلىك زات، باللارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ ۋە دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىدۇ› دېدى. ئەي ئاللاھ! بىزنىڭ ئۈمىدىمىزنى يەردە قويمىغىن!

مەن ۋە سىڭلىم ئىككىمىزدىن: ئۇلۇغ ئاللاھقا».

ئىككىسى مەكتۇپنى كونۋېرتنىڭ ئىچىگە سېلىپ، كوچىنىڭ ئاخىرىدىكى پوچتا ساندۇقىغا سېلىپ قويىدى. باللار كونۋېرت ئۈستىگە ھېچقانداق ئادرېس يازمىغان ئىدى. پوچتا خادىمى خەتنى پوچتىخانىغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، پوچتىخانا خادىملىرى



مەكتۇپلارنى ئادرېس بويىچە تۈرگە ئايرىش جەريانىدا ھېلىقى نامسىز مەكتۇپنى كۆردى ۋە سەل ھەيرانلىق بىلەن مەكتۇپنى ئاچتى، خەتنى ئوقۇپ كۆزلىرىدىن تارامлاپ ياشلار تۆكۈلدى... ئەمەلىيەتتە، پوچتىخانىدىكى بۇ خەتنى ئوقۇغان ھەربىر خادىم يىغلىماي قالمىدى. ئاخىرىدا پوچتىخانا



مۇدىرىمۇ ئۈنسىز يىغلاپ كەتتى. ئۇلار بۇ سەبىي باللارنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكلىكىدىن سۆيۈندى. ئاندىن پۈتۈن خىزمەتچىلەر يىغىلىپ ئىئانە توپلىدى ۋە ھېلىقى باللارنىڭ ئۆي ئادرېسىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئاندىن بىر جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى

ئېلىپ، ئائىشە خانىمنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى...
كوچىدا ئويناۋاتقان ئائىشە خانىمنىڭ ئىككى بالىسى قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنى كۆرۈپ:
ـ قۇتقۇزۇش ماشىنىسى! قۇتقۇزۇش ماشىنىسى! ئاللاھ كەچۈرسۇن! ـ دېگىنىچە سەكرىشىپ كەتتى. ماشىنىنىڭ ئالدىغا خۇشاللىق بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بالىلارنى كۆرگەن مۇدىر يەنە يىغلاپ تاشلىدى. بالىلار خۇشاللىقتىن:




ـ ئاللاھ كەچۈرسۇن! ئاللاھ كەچۈرسۇن! ئەمدى ئانىمىز ساقىيىدىغان بولدى! ـ دېگىنىچە توختىماي چۇرقىرىشاتتى. ئۇلار ئائىشە خانىمنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇردى. بالىلارنىڭ دادىسى شەھەردە قەرز سوراپ يۈرۈپ، پۇل تېپىپ بولالماي، تېخىچە ئۆيىگە قايتىپ كەلمىگەن ئىدى. بالىلار چوڭ ئانىسىدىن:
ـ دادام نېمىشقا تېخىچە كەلمەيدۇ؟ ـ دەپ سورىدى.
چوڭ ئانا بالىلارنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ مۇنداق چۈشەندۈردى:
ـ داداڭلار ئاللاھنى ئۇنتۇپ، دوستلىرىنىڭ يېنىغا كەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن كېچىكىپ قالدى. ئەمما، سىلەر ئاللاھقا دۇئا قىلدىڭلار، ئاللاھ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى.
ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى

قىلغان كىم؟ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر ئازغىنا ۋەز ـ نەسىھەت ئالىسىلەر﴾[6].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمەتكارى سەۋبان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « ئۆمۈرنى پەقەت ياخشىلىقلا ئۇزارتالايدۇ، قەدەرنى پەقەت دۇئالا قايتۇرالايدۇ. بەزىدە ئىنسان قىلغان گۇناھلىرى سەۋەبلىك رىزقىدىن مەھرۇم قالىدۇ»[7].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق (نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن. كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن. جانلىقنى (يەنى تىرىك بولغان ئىنساننى ۋە ھايۋاننى) جانسىزدىن (يەنى جانلىق بولغان ئابىمەنىيدىن) چىقىرىسەن، جانسىزنى (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەنىينى) جانلىقتىن (يەنى جانلىق بولغان ئىنساندىن ۋە ھايۋاندىن) چىقىرىسەن؛ ئۆزۈڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن﴾[8].

6) نەمله سۈرىسى 62

7) مۇسنەد ئەھمەد 22413

8) ئالئىمران سۈرىسى: 26 ـ 27

# ئىسپاتىڭ بارمۇ؟

مەشھۇر ئالىم ئىمام زەھەبىي «گۇناھى كەبىرلەر» ناملىق كىتابىدا مۇنداق بىر قىسسىنى نەقىل قىلىدۇ:

يولدىشىدىن تۇل قالغان بىر ئايال بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ، نامراتچىلىقتا ئىنتايىن قىينىلىپ قالدى. ئولتۇرىدىغان ئۆيىمۇ ئىجارە بولۇپ، ئۆي ئىگىسى ئىجارە سوّيلەپ ئارام بەرمەيتتى. ئايال ئىجارىنى بىرەلمىگەچكە، شۇنچە يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي ئۇلارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى.



سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ھاۋانىڭ شۇنچىۋالا سوغۇق بولۇشىغا قارىماي، دوست - دۈشمەنىنىڭ كۆلكىسىگە قالماسلىق ئۈچۈن ئايال ئىككى قىزىنى ئېلىپ قوشنا شەھەرگە چىقىپ كەتتى.



ئۇنىڭ ناتونۇش شەھەردە باش تىققۇدەك يېرى بولمىغاچقا، ئىككى قىزىنى مەسچىتكە قويۇپ،

يېمەكلىك ئىزدەپ سىرتقا چىقىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ شۇ يۇرتنىڭ ئاقساقىلى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر قاتار ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۆزى ۋە ئىككى قىزى ئۈچۈن بىر كۈنلۈك يېمەك بېرىشىنى سوراپتۇ. يۇرت ئاقساقىلى ئۇنىڭغا:

– سۆزىڭىزنىڭ راستلىقىغا ئىسپاتىڭىز بارمۇ؟ – دەپتۇ. ئايال:

– مەن بۇ شەھەرگە يېڭى كەلدىم، ھېچكىم مېنى تونۇمايدۇ، – دەپتۇ.

يۇرت ئاقساقىلى ئۇنىڭغا ئىشەنمەي، يالۋۇرۇشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي كېتىپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن ئايالنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولۇپ يىغلاپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ، يەنە بىر ياشانغان بوۋاينى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇنىڭغا دەردىنى ئېيتىپ، يۇرت ئاقساقىلى بىلەن بولۇپ ئۆتكەن جەريانلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.



ئۇ كىشى خرىستىيان ئىكەن. ئۇ دەرھال ئايال ۋە ئىككى قىزىنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ، ئېسىل يېمەكلىكلەرنى يېگۈزۈپ، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيدۈرۈپتۇ. شۇ كېچىسى ئۇلار بوۋاينىڭ ئۆيىدە قونۇپ قاپتۇ.

تۈن نىسپى بولغاندا ھېلىقى مۇسۇلمان يۇرت ئاقساقىلى بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە قىيامەت قايىم بولغۇدەكمىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالاھىدە بىر بايراق تۇتۇپ تۇرغانمىش. توساتتىن ئۇنىڭغا پېشايۋانلىرى ئۈنچە مەرۋايىت ۋە ياقۇتتىن بېزەلگەن،

زۇمرەتتىن بىنا قىلىنغان، ناھايىتى ياسىداق بىر سارايى كۆرۈنۈپتۇ. يۇرت ئاقساقىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:
- بۇ ساراي كىمنىڭ؟ - دەپ سوراپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
- ئىمانى كامىل بىر مۇسۇلماننىڭ، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. يۇرت ئاقساقىلى:
- مەن ئىمانىم كامىل مۇسۇلمانغۇ، ئەي ئاللاھنىڭ



پەيغەمبىرى! - دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
- ئۇنداقتا، ئىمانى كامىل مۇسۇلمان ئىككەنلىكىڭگە ئىسپات كەلتۈرگىن. بىر مىسكىن ئايال سەندىن يېمەكلىك سورىغاندا، سەن ئۇنىڭدىن: «ئىسپاتىڭ بارمۇ؟» دەپ سورىغىنىڭدەك، سەنمۇ بۇ سارايغا ئىگە بولۇشۇڭ ئۈچۈن ئىسپات كەلتۈرۈشۈڭ كېرەك، - دەپتۇ.
يۇرت ئاقساقىلى شۇ ھامان چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ.
ئۇ ھېلىقى ئايالنى ئىزدەپ، كوچىمۇكوچا يۈگۈرۈپ سۈرۈشتە قىپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭ خىرىستىيان بىر بوۋاينىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپتۇ، دە، بوۋاي بىلەن

كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن:

— ئۆيىڭىزدىكى ھېلىقى ئايالنى ئىككى قىزى بىلەن ماڭا قايتۇرۇپ بەرسىڭىز، سىزگە 1000 تىللا بېرەي، — دەپتۇ. خىرىستىيان بوۋاي:

— ياق، ئۇنداق قىلالمايمەن.



ئۇلار بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ بەرىكىتى. سىز چۈشىڭىزدە كۆرگەن جەننەتتىكى ھېلىقى ساراي مېنىڭ ھەققىم. ئۇ ساراي مەن ئۈچۈن تەييارلانغان. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ۋە ئائىلەمدىكىلەر بۈگۈن كېچە پەقەت ئۇخلىمىدۇق. مۇشۇ ئايال سەۋەبلىك ھەممىمىز مۇسۇلمان بولدۇق. سىز كۆرگەن چۈشنى مەنمۇ كۆردۈم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن:

— ھېلىقى ئايال بىلەن ئىككى قىزى سېنىڭ ئۆيۈڭدىمۇ؟

— دەپ سورىدى. مەن:

— ھەئە، ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! — دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

— بۇ ساراي سېنىڭ ۋە ئائىلەڭدىكىلەرنىڭ بولسۇن! — دېدى.

ئاندىن يەنە: «كىمكى بىر قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدىكەن، ئاللاھمۇ ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ؛

كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىكەن، ئاللاھمۇ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ؛ كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى يوشۇرىدىكەن، ئاللاھمۇ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرىدۇ» دېدى[9].

يۇرت ئاقساقىلى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ،



ھەسرەتلەنگىنىچە پېشانىسىنى تۇتۇپ مۇنداق دەپتۇ:

– ھەي ئىست! بۇ بىچارە ئايالغا يېمەك - ئىچمەك بېرىپ، ئۆيۈمدە پاناھلاندۇرمىغىنىم ئۈچۈن كاتتا ئەجردىن مەھرۇم قاپتىمەن. ئۇ ئايال راستچىل بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ياخشى كۈتۈۋالغان بولسام، مېنىڭ ياخشى نىيىتىم ئۈچۈن ئاللاھ ماڭا ئەجىر بېرىدىكەن ئەمەسمۇ؟!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل - مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشاقتا 100 تال دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ.


9) سەھىھ مۇسلىم 2699

ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر (ئاللاھ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر). پۇل ـ مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير ـ ساخاۋەتتىكە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (قىيامەت كۈنى) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ﴾[10].

10) بەقەرە سۈرىسى:262 - 261.

# باغرى تاش ئانا

ناھايىتى رەھىمسىز، باغرى تاش، باي بىر ئايال بار ئىدى. ئۇن ياشقا كىرگەن بىر قىزى بولۇپ، قىزىنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ناھايىتى ھاكاۋۇر چوڭ قىلغان ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە باشقا بىر دۆلەتكە بېرىپ داۋالىنىپ كەلمەكچى بولۇپ، قىزىنى تاغىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدى.



ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئايال ھەشەمەتلىك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ قىزىنى ئېلىش ئۈچۈن تاغىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. تاغىسىنىڭ يېنىدا بىردەم ئولتۇرۇشتىن ئىچى سىقىلىپ قىزىنى تېزلا ئېلىپ ماڭدى.

ئايال ماشىنىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ماشىنىنىڭ بۇزۇلۇپ قالغانلىقىنى ئۇقتى ۋە رېمونت ئىشىنى تاغىسىغا ھاۋالە قىلىپ قويۇپ، پويىزغا ئولتۇرۇپ كەتمەكچى بولدى - دە، قىزىنى ئېلىپ ۋوگزالغا قاراپ ماڭدى. ۋوگزالدا ئۈستىبېشىدىن نامراتلىقى چىقىپلا تۇرىدىغان، كىيىملىرى كونىراپ كەتكەن بىر ئۇششاق - چۈششەك يېمەكلىك



ساتقۇچى ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئايالغا تەلمۈرۈپ بىر نىمىلەرنىدۇر ئۇزاتتى.



ئايال سەسكەنگەن قىياپەتتە بىر نەرسە سېتىۋالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى رەت قىلدى ۋە دەرھال يېنىدىن قوغلىدى.
لېكىن كىچىك قىز قولىنى يېمەكلىككە ئۇزىتىپ، ئانىسىدىن ئۇ نامرات كىشىدىن بىر نەرسە سېتىۋېلىشىنى، ھېچبولمىسا ئۇنىڭغا ئازراق پۇل بېرىشىنى ئۆتۈنۈپ مۇنداق دېدى:

― ئانا! بۇ نامرات ئادەمكەن، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلايلى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نامرات مۇسۇلماننى ھۆرمەتلىگەن كىشى قىيامەت كۈنى ئاللاھقا مەمنۇن بولغان ھالدا مۇلاقات بولىدۇ» دېگەن ئىكەن.

ئايال قىزىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ھەيران قالدى. ئۇ ئەزەلدىن قىزىغا پەيغەمبەر ياكى ئىسلام توغرىسىدا بىر نەرسە دەپ بەرمىگەن ئىدى. قىزىنىڭ بىرقانچە ئايدىن بېرى تاغىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇش جەريانىدا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ھېلىقى نامرات كىشىنى يەنە قوغلىدى. ئۇ قىزىغا قاراپ ئىللىق تەبەسسۇم قىلغىنىچە كېتىپ قالدى.

قىز ئانىسىنىڭ قىلىقىدىن تولىمۇ ئۆكۈندى. يول بويى تاغىسىنىڭ ئۆيىدە ئالتە ئاي تۇرۇش جەريانىدا يادلىۋالغان قۇرئان ئايەتلىرىنى تاكى سەپەر ئاخىرلاشقۇچە ئوقۇپ ماڭدى.

ئاخىر پويىز توختىدى... ئۇلار پويىزدىن چۈشۈپ، سىرتقا

قاراپ ماڭدى.

غەلىتە ئىش! ھېلىقى نامرات كىشى يەنە ۋوگزالنىڭ چىقىش ئېغىزىدا ئولتۇراتتى.

قىز ئانىسىغا قاراپ، ئۇنىڭغا ئازراق بولسىمۇ ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندى. ئەپسۇسكى، ئايال قىزىنى يەنە رەت قىلىپ، ئۇنىڭ ياخشى ئادەم ئەمەسلىكىنى، بۇنداق ئادەملەرنىڭ كىچىك بالىلارنى ئوغرىلاپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى قورقۇتۇپ قويدى ۋە قولىنى چىڭ تۇتقىنىچە ئېلىپ ماڭدى.



شۇ ئەسنادا ئايال تۇيۇقسىز كەينىدىن چاقىرىۋاتقان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى. ھېلىقى كىشى يىراقتىن قوللىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئۇلارنى چاقىرىۋاتاتتى...



ئايال خۇددى بىر شۇملۇق ھېس قىلغاندەك قىزىنى چىڭ تۇتۇپ، ئالدىراپلا تاكسى توسۇپ ئىچىگە كىرىۋالدى. ھېلىقى كىشى ئۇلارنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى.

ئايال شوپۇرغا ماشىنىنى تېز قوزغىتىشنى ئېيتتى. ھېلىقى كىشى قولىدا بىر نەرسىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئۇلارنىڭ توختاپ تۇرۇشى

ئۇچۇن ئىشارەت قىلىپ يۈگۈرۈۋاتاتتى. ئايال ئۇنىڭ قولىدىكى ئالتۇن بىلەيزۈكنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئەسلىدە بۇ ئالتۇن بىلەيزۈك قىزىنىڭ بولۇپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. ھېلىقى كىشى ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگىنىچە ئۇلارنىڭ بۇ بىلەيزۈكنى ئالدىراپ مېڭىپ چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى





ۋە ئۆزىنىڭ بىلەيزۈكنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن كەينىدىن قوغلاپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى ـ دە، يەنە بىر قولىدىكى كىچىككىنە يېمەكلىكنى قىزغا سۇندى.

بۇ چاغدا ئايال راستتىنلا ئۆزىنى تۇتالماي ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى... قايتا ـ قايتا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى.

شۇ تاپتا ئايال كىشىلەرگە تاشقى قىياپىتىگە ئەمەس، قەلبىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدى...

ئايال ھەشەمەتلىك داچىسىغا يېتىپ كەلگەندە قىزى بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭ ئىسلام توغرىسىدا نۇرغۇن مەلۇماتلارنى بىلىدىغانلىقىنى، قۇرئان ۋە ھەدىستىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى يادلىۋالغانلىقىنى ئۇقتى. كىچىك قىزنىڭ تاغىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇش

جەريانىدا بىر قېتىممۇ نامازنى تاشلاپ باقمىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئانا ئۆزىنى قىزىغا سىلىشتۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىدىن نومۇس قىلىشقا باشلىدى.



ئايال قىزىدىن تاغىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆگىنىۋالغانلىرىنى ئۆزىگىمۇ ئۆگىتىپ قويۇشىنى ئۆتۈندى. ئۇنىڭ تاشتەك قېتىپ كەتكەن قەلبى باھاردىكى مۇز كەبى ئېرىمەكتە ئىدى...

شۇنداق قىلىپ، ئايال قىزىنىڭ تۈرتكىسىدە رەھىمسىزلىك ۋە غاپىللىقتا ئۆتكەن مەنىسىز ھاياتى بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىسە، ئۇ ئاللاھنىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. كىمكى قەستەن بىرەر گۇناھ قىلسا، ئۆزىگە قىلغان بولىدۇ (يەنى ئۇنىڭ ۋابالىنى ئۆزى تارتىدۇ)، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. كىمكى كىچىك ياكى چوڭ بىر گۇناھ سادىر قىلىپ قويۇپ، ئۇنى بىگۇناھ ئادەمگە چاپلىسا، ئۇ شۇ بۆھتاننى ۋە ئوپئوچۇق بىر گۇناھنى ئۆزىگە يۈكلىۋالغان بولىدۇ﴾[11].

11) نىسا سۈرىسى، 110-112 – ئايەتلەر.

# بالا دەۋەتچى

كۈۋەيتلىك داڭلىق دوختۇر ھەم ئافرىقىدا ئۇزۇن يىل ئىسلامىي دەۋەتمۇ ئېلىپ بارغان مەشھۇر دوكتور ئابدۇرراھمان سېمىتنىڭ قولىدا 13 مىليوندىن كۆپ كىشى ئىسلامغا كىرگەن بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:



«مەن ئافرىقىدا بالىلار كېسەللىنى داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئافرىقىلىق ئايالنىڭ داۋالاش گۇرۇپپىمىزدىكى مەلۇم بىر دوختۇرغا يىغلاپ، يالۋۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئايالنىڭ نالە ـ زارىغا قاراپ يۈرىكىم ئېچىشتى. دوختۇردىن ئۇ ئايال توغرىلىق سورىدىم.



ـ ئۇ ئايالنىڭ ئېمىۋاتقان بوۋىقى بار ھەم كېسىلى ناھايىتى ئېغىر، ئەمما داۋالاشقا پۇلى يوق ئىكەن. شۇڭا بالىسىنى قۇتقۇزۇۋېلىشىمىز ئۈچۈن يالۋۇرۇۋاتىدۇ، ـ دېدى دوختۇر ماڭا چۈشەندۈرۈپ.

مەن تەرجىمان ئارقىلىق ئۇ ئايالدىن داۋالاش خىراجىتى ئۈچۈن ھەر كۈنى قانچە پۇل كېتىدىغانلىقىنى سوراپ شۇنى بىلدىمكى، بۇنىڭ ئۈچۈن شۇ چاغدا كۈۋەيتتە ئاران بىر قۇتا گازلىق ئىچىملىك

سېتىۋالغىلى بولغۇدەك پۇل كېتىدىكەن.

— چاتاق يوق، بالىڭىزنىڭ داۋالىنىش چىقىملىرىنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي. ناۋادا يەنە پۇلغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسىڭىز، بۇ كىشىنى ئىزدەڭ. ئۇ ماڭا ۋاكالىتەن ھاجىتىڭىزنى راۋا قىلىدۇ، — دېدىم ياردەمچىمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. ئاندىن دەرھال ئىمزايىمنى قويۇپلا ئۇنىڭ بىر يىللىق چىقىمىغا يەتكۈدەك پۇل ئورۇنلاشتۇردۇم.



ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ، بۇ ئىش تامامەن ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ناتونۇش بىر ئايال كىچىككىنە بىر بالىنى يېتىلەپ ئىشخانامغا كىرىپ كەلدى — دە:

— بۇ، ئوغلۇم ئابدۇراھمان بولىدۇ، ئۇ قۇرئان كەرىمنى ۋە



نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەرنى يادلاپ بولدى. ئۇنىڭ سىلەرنىڭ سېپىڭلارغا قوشۇلۇپ كىشىلەرنى ئىسلامغا چاقىرىدىغان دەۋەتچى بولۇش ئارزۇسى بار، — دېدى بالىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

تۇيۇقسىز چىققان بۇ گەپتىن ھەيران بولۇپ سورىدىم:

– نېمىشقا بۇنداق ئۆيدا بولۇپ قالدىڭىز؟

بالا بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇ ئەرەبچىنى راۋان سۆزلىيەلەيتتى.

– ئانام ماڭا سىزنىڭ ھېكايىڭىزنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. كىچىك ۋاقتىمدا سىز مېنىڭ داۋالىنىش چىقىملىرىمنى ئۈستىڭىزگە ئېلىپ، ھايات قېلىشىمغا سەۋەبچى بولغان ئىكەنسىز. مەن ئىسلامنىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى بىلىپ يەتتىم. سىزگە كۆپ تەشەككۈر ئېيتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ سىزنىڭ دەۋەت مەركىزىڭىزدە قېلىپ، كىشىلەرنى ئىسلامغا چاقىرسام دەيمەن. مەن ئافرىقا تىلىنى ياخشى بىلىمەن. پەقەت قورسىقىم تويسىلا باشقا تەلىپىم يوق. خالىسىڭىز سىزگە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بېرەي!



ئۇ شۇنداق دېگىنىچە بەقەرە سۈرىسىدىن بەزى ئايەتلەرنى ئوقۇدى. بالىنىڭ قىرائىتى شۇنچىلىك گۈزەل، مۇڭلۇق ھەم ئۆلچەملىك ئىدى. بالىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن 12 يىل بۇرۇنقى ئافرىقىدىكى ھېلىقى ئىش غۇۋا ئېسىمگە كەلدى. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، چاناقلىرىم ياشقا تولدى. شۇ ھامان شۈكرى سەجدىسى ئۈچۈن باش قويدۇم:

– ئەي رەببىم! بىر قۇتا گازلىق ئىچىملىكنىڭ پۇلى سەۋەبلىك بىر بالىنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ، ئىسلامغا بىر دەۋەتچى يېتىشتۈرۈپ بېرىپسەن. ساڭا چەكسىز ھەمدۇسانالار بولسۇن، ئەي رەببىم!

HAKSEVER

شۇنداق قىلىپ بالا دەۋەت مەركىزىمىزدە قالدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ئافرىقىدىكى ئەل سۆيگەن، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ



مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان مەشھۇر دەۋەتچىگە ئايلاندى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ يولىدا پۇل - مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئاللاھ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر، پۇل - مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىپ، ئارقىسىدىن مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير - ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا قىيامەت كۈنى قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ بولمايدۇ﴾[12].

12) بەقەرە سۈرىسى، 261 – ئايەت.

# بىباھا نەسىھەت

نۇرغۇن كىشىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسىدىن ئەنسىرەپ جاپالىق ئىشلەيدۇ، ھۈنەر ـ كەسىپلەرنى قىلىدۇ، ھارماي ـ تالماي تىجارەت قىلىدۇ. ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بالىلىرىغا كۆپرەك مال ـ دۇنيا قالدۇرۇپ، تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلىشنى ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار تەقۋادارلىقتىن ئىبارەت بەخت ـ سائادەت ۋە خاتىرجەملىك مەنبەسىدىن غاپىل قالغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(كىمكى) ئۆزلىرىدىن كېيىن قالدىغان كىچىك بالىلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن قانداق ئەندىشە قىلىدىغان بولسا، باشقىلارنىڭ قىلىپ قالغان كىچىك بالىلىرى ئۈچۈنمۇ شۇنداق ئەندىشە قىلسۇن، (يېتىملارنىڭ ئىشىدا) ئاللاھتىن قورقسۇن ۋە توغرا سۆزنى ئېيتسۇن!﴾[13].



ئەمەۋىيلەر دەۋرىدىكى تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىرەيلەن بۇ ئايەتنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: مەشھۇر تەپسىرشۇناس مۇقاتىل ئىبنى سۇلايمان (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) خەلىپە مەنسۇر بىللاھ تەختكە ئولتۇرغاندا ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىدۇ. خەلىپە مەنسۇر مۇقاتىلغا:

ـ ماڭا نەسىھەت قىلسىلا، جانابلىرى! ـ دەيدۇ.

13) نىسا سۈرىسى، 9 – ئايەت.

– كۆرگەنلىرىمنى دەيمۇ يا ئاڭلىغانلىرىمنىمۇ، جانابلىرى؟ – دەيدۇ مۇقاتىل ھۆرمەت بىلەن.

– كۆرگەنلىرىنى دېسىلە، – دەيدۇ خەلىپە ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىغا قىزىقىپ.

مۇقاتىل ھەزرەتلىرى ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋېتىپ گەپ باشلايدۇ:

– ئەي مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئۆز دەۋرىدە زېمىندا ئادالەتنى ھۆكۈمران قىلغان، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى پاراۋان قىلغان خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ۋاپات كېسىلىدە ياتقاندا كىشىلەر ئۇنىڭدىن:



– ئوغۇللىرىغا نېمە قالدۇرۇپ قويدىلا، ھەزرەتلىرى؟ – دەپ سورايدۇ. خەلىپە:

– تەقۋادارلىقنى قالدۇردۇم. ئەگەر باللىرىم سالىھ بولسا، سالىھ كىشىلەرگە ئاللاھ ئىگە بولىدۇ. ناۋادا سالىھ بولماي، پاسىق بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشىغا ياردەمچى بولىدىغان مال – دۇنيا قالدۇرۇپ كېتىشىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ – دەپ جاۋاب بېرىدۇ خەلىپە تەمكىنلىك بىلەن.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ 11 بالىسى بار ئىدى. ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭدىن 18 دىنار قالغان بولۇپ، بەش دىنارغا كېپەنلىك، تۆت دىنارغا قەبرە سېتىۋېلىندى. ئېشىپ قالغان توققۇز دىنار 11 بالىسىغا تەقسىم قىلىندى.

خەلىپە ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ دەۋرىدە ھەرخىل توپىلاڭ

ۋە پىتنە - پاساتلار كۆپ يۈز بەردى. ئۇنىڭمۇ 11 بالىسى بولۇپ، ۋاپات بولغاندا ھەربىر بالىسىغا بىر مىليون دىناردىن مىراس تەگدى.



ئەي مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بىر كۈنى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ مەلۇم بىر بالىسىنىڭ ئاللاھ يولىدىكى جىھاد ئۈچۈن 100 تۇياق ئات سەدىقە قىلغانلىقىنى، ئەمما ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ بىر بالىسىنىڭ كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم.

ئۇلۇغ ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿تامغا كەلسەك، ئۇ شەھەردىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ ئىدى، تامنىڭ ئاستىدا ئۇلارنىڭ ھەققى بولغان خەزىنىسى بار ئىدى. (ناۋادا تام ئۆرۈلۈپ كەتسە، خەزىنىسى ئېچىلىپ قېلىپ، كىشىلەر ئۇنى ئېلىپ كېتەتتى). ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ياخشى ئادەملەر ئىدى. پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ چوڭ بولغاندا تام ئاستىدىكى خەزىنىسىنى چىقىرىۋېلىشىنى ئىرادە قىلدى، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇلارغا قىلغان رەھمىتىدۇر، ئۇنى (يەنى يۇقىرىدىكى ئۈچ ئىشنى) مەن ئۆز خاھىشىم بويىچە قىلغىنىم يوق، (بەلكى ئۇنى ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە ئىلھامى بىلەن قىلدىم)، سەن سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىتى ئەنە شۇ﴾[14].

14) كەھف سۈرىسى، 82 – ئايەت.

# جادۇللاھ قۇرئانىي

يەتتە ياشلىق جاد ئىسىملىك يەھۇدىي بالا ئىبراھىم تاغىنىڭ قولى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغان تەقدىرىنىڭ ئاجايىپ سىرلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

ئىبراھىم تاغا تۈرك نەسەبلىك، مۇسۇلمان، ئەمما ساۋاتسىز ئادەم بولۇپ، ئاز - تولا ئەرەبچىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ فرانسىيەدىكى مەلۇم بىر ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ يەر ئاستىدا تاللا دۇكىنى بار ئىدى. بۇ قورۇدا جاد ئىسىملىك بىر يەھۇدىي بالا ئائىلىسى بىلەن بىرگە ياشايتتى.



جاد ھەر كۈنى ئانىسىغا ياردەملىشىپ، تاللا دۇكىنىدىن كۆكتات سېتىۋېلىشقا چىقاتتى ۋە ئىبراھىم تاغىنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ ھەر كۈنى بىر تال شاكىلات ئوغرىلايتتى.



كۈنلەر، ئايلار ئۆتتى . . .

جاد ھەر قېتىم كۆكتات سېتىۋالغىلى كەلسە، تاللا دۇكىنىدىن ئامراق شاكىلاتىنى ئوغرىلاشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە جاد كۆكتات سېتىۋېلىپ شاكىلات ئوغرىلاشنى ئۇنتۇپ قالدى. دۇكاندىن چىقاي دەپ تۇرۇشىغا ئىبراھىم تاغا ئۇنى چاقىرىپ، شاكىلاتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇنى ئۇنتۇپ قالدىڭ، جاد! — دېدى.

جاد ئۇزۇندىن بۇيانقى قىلمىشىنىڭ سېزىلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، چۆچۈپ كەتتى ۋە تولىمۇ خىجىل بولغان ھالدا:



— تاغا! سىز مېنىڭ شاكىلات ئوغرىلايدىغانلىقىمنى بىلەمتىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، بىلەتتىم جاد! — دېدى ئىبراھىم تاغا جادنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ مېھرىبانلىق بىلەن، — سەن ماڭا باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلىماسلىققا ۋەدە بېرەلەمسەن، بالام؟ ئەگەر ۋەدەڭگە تۇرالىساڭ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ساڭا ھەر كۈنى بىر دانە شاكىلات بېرىمەن.



بۇ ئىللىق مۇئامىلىدىن تەسىرلەنگەن جاد ئىبراھىم تاغىغا بۇنىڭدىن كېيىن قەتئىي ئوغرىلىق قىلماسلىققا ۋەدە بېرىپ، ۋەدىسىدە تۇردى. شۇنداق قىلىپ جاد ھەر كۈنى ئۇنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ كۆكتات سېتىۋالغاچ بىر دانە شاكىلات ئېلىپ

ئوچۇق ـ ئاشكارا يەيدىغان بولدى.

ئىبراھىم تاغا تولىمۇ مۇلايىم، مېھرىبان ئادەم ئىدى. ئىبراھىم تاغىنىڭ گۈزەل مۇئامىلىسى تۇپەيلىدىن يەھۇدىي بالا جاد بىلەن ئارىسىدىكى رىشتە تېخىمۇ كۈچەيدى. ئارىسىدىكى ياش پەرقىنىڭ خېلىلا چوڭ بولۇشىغا قارىماي، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن



ئىككىسى يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى. جاد ئىبراھىم تاغىغا ئائىلە سىرلىرىنى ۋە ئۆزى يولۇققان تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى دەپ بېرىدىغان بولدى. ئىبراھىم تاغىمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تىڭشاپ، يولىيورۇق كۆرسىتەتتى. ئەڭ ياخشى كىتابلارنى بىرگە ئوقۇپ، ئۆزئارا ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ، تۇرمۇشتا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلار ھەققىدە بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىپ، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپاتتى.

يىللار شۇ تەرىقىدە ئۆتتى...



جادمۇ چوپچوڭ يىگىتكە ئايلاندى. ئەلۋەتتە، ئىبراھىم تاغىمۇ ياشىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ جەرياندا ئۇلار ئارىسىدىكى رىشتە ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىدى.

بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئىبراھىم تاغىغا ئەجەل سايە تاشلىدى.

ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋەسىيەت قىلىپ، ئۆزۈندىن بىرى يېنىدىن ئايرىماي كېلىۋاتقان بىر ساندۇقنى جادقا بېرىشنى تاپىلىدى. ئىبراھىم تاغىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئوغۇللىرى جادنى چاقىرتىپ دادىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ھېلىقى ساندۇقنى ئۇنىڭغا بەردى.

بۇ خەۋەر جادقا خۇددى چاقماق چاققاندەكلا تۇيۇلدى، ئۇ زادىلا سەۋر قىلالمىدى.



مۇسىبەت خەۋىرى ئۇنىڭغا ھەققەتەن ئېغىر كەلگەن ئىدى. جاد چەكسىز مېھرىبانلىقى بىلەن قەلب تۆرىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بۇ مۇسۇلمان دوستىنى ھەربىر ئەسلىگىنىدە كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلەتتى. جاد قايغۇ ـ ئەلەم ۋە ئالدىراشچىلىقتا ساندۇقنى ئېچىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.

بىرقانچە ئايدىن كېيىن جاد ئېغىر بىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مېھرىبان تاغىسى ئىبراھىم كەلدى.

ـ ھەيىي... ئىبراھىم تاغام ھايات بولسا ئىدى، بۇنداق قىيىنچىلىقلار نىمدېگەن ئاسان ھەل بولۇپ كېتەتتى ـ ھە! ـ دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ئۇ بىردىنلا ئىبراھىم تاغا ئەۋەتكەن ساندۇقنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، دەرھال ئاچتى.

پاھ! نىمدېگەن گۈزەل كىتاب بۇ!



ساندۇقنىڭ
ئىچىدە ئاجايىپ
گۈزەل مۇقاۋىلىق
قۇرئان كەرىم
بۇلۇت ئارىسىدىن
چىققان قۇياشتەك
چاقناپ تۇراتتى...



ئەمما جاد ئەرەبچىنى ياخشى ئوقۇيالمايدىغان بولغاچقا، بۇنىڭ قانداق كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

جاد تونۇشلۇق بىر دوستىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن بۇ كىتابتىن ئىككى بەت ئوقۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى. جاد دوستىنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتىنى ۋە ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇزۇندىن بېرى زېھنىنى چىرمىۋالغان تۈگۈنلەر بىردىنلا يېشىلىپ كەتكەندەك، قويۇق چاتقاللىق ئارىسىدىن يول تاپقاندەك تۇيغۇدا بولدى.

قۇرئان ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئىدى. جاد دوستىدىن:

- بۇ قانداق كىتاب؟ - دەپ سورىدى.

تونۇشلۇق دوستى جادقا ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلارغا نازىل قىلغان ھىدايەت كىتابى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

جاد بۇ كىتابقا تېخىمۇ قىزىقىپ دوستىدىن ئىسلام دىنىنى تەپسىلىي ئۆگەندى ۋە شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

ئۇ ئەمدى ئىسلامنىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. بۇ ھاياتنىڭ ئەگرى - توقايلىقلىرىدىن بىردىنبىر چىقىش يولىنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جاد قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشنى ۋە تەپسىر قىلىشنى ئۆگىنىپ، بارا - بارا بۇ ساھەدە چوڭقۇر بىلىم ئەھلىگە ئايلاندى. تىرىشىپ ئوقۇش نەتىجىسىدە ئۇ دوكتور «جادۇللاھ قۇرئانىي» دەپ ئاتالدى.

مانا ئەمدى ئۇ ئىسلامىي دەۋەتنى باشلىۋەتتى. ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلاردىن بولۇپ، ئالتە مىڭدىن ئارتۇق كىشى مۇسۇلمان بولدى. جادۇللاھنىڭ پائالىيىتى بۇنىڭلىق بىلەنلا توختاپ قالمىدى. ئۇ دىنىدىن خەۋەرسىز ياشاۋاتقان ئافرىقىلىقلارنىڭ



يېنىغا باردى. ئافرىقىنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ئون يىل ئايلىنىپ يۈرۈپ دەۋەت قىلدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ قولىدا ئالتە مىليوندىن ئارتۇق كىشى مۇسۇلمان بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر ئىسلام دەۋەتچىسىگە ئايلاندى.



2003 - يىلى ئىسلامنىڭ بۇ ئۇلۇغ تۆھپىكارى ئافرىقىدا

HAKSEVER

تارقالغان يۇقۇملۇق كېسەل سەۋەبلىك ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا مۇنداق دېگەن ئىدى:

«مېنىڭ ئافرىقىغا بېرىشىم ئىبراھىم تاغىنىڭ چوڭ ئارزۇسى ئىدى. ئىبراھىم تاغا ماڭا ھەدىيە قىلغان قۇرئاننىڭ باش بېتىگە ئۆز ئىمزاسىنى قويۇپ، ئافرىقىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ، يېنىغا: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا ھېكمەت ۋە گۈزەل نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن!﴾ دېگەن ئايەتنى يېزىپ قويغان ئىكەن. مەن بۇنىڭغا قاراپ ئافرىقا قىتئەسىگە بېرىپ دەۋەت قىلىش ئىبراھىم تاغىنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدى ئىكەن دەپ بىلگەن ئىدىم».




ئىبراھىم تاغا جادنى ئەنە شۇنداق تەربىيەلىگەن ئىدى. ئۇ جادقا: «سەن كاپىر! سەن يەھۇدىي!» دېمەستىن، ئۇنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، يولىغا مەشئەل يېقىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ جادنى ئەڭ گۈزەل ئۇسلۇبتا قۇرئانغا مەپتۇن قىلدى. جاد ئىبراھىم تاغا باشلىغان يولدا مېڭىپ، مىليونلىغان ئىنسانلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ، تارىخ يارىتىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

ئۇنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئىچىدە مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا جەمئىيەتشۇناسلىق ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان جادنىڭ ئانىسى مارىيە خانىممۇ بار بولۇپ، ئۇمۇ ئوغلى ئارقىلىق مۇسۇلمانلىق شەرىپىگە ئېرىشكەن ئىدى.



ئۇ ئىلگىرى ئوغلى جاد بىلەن ئىسلام ۋە قۇرئان ھەققىدە دائىم دەتالاش قىلاتتى. ئوغلىنى يەھۇدىي دىنىغا قايتۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن مارىيە خانىم جادنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن قىلغان دەۋىتىنىڭ تەسىرىدە مۇسۇلمان بولۇپ، ئوغلىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ قۇرئانسۆيەر ياخشى بىر ئايالغا ئايلاندى. قۇرئان ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ قات ـ قېتىغا سىڭگەن ئىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن مەنئىي قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن، ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[15].

15) ئال ئىمران سۈرىسى، 104 - ئايەت.

# ھاماللىقتىن خەلىپىلىككىچە

بۇرۇنقى زاماندا ئۈچ نەپەر ھامال يىگىت بار ئىكەن. ئۇلار كىشىلەرنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى توشۇپ بېرىپ جان باقىدىكەن. بىر كۈنى كېچىسى ئۈچەيلەن مۇڭدىشىپ قاپتۇ. ئارىدىن مۇھەممەد ئىبنى ئامىر ئىسىملىك بىرى گەپ باشلاپ:



- بۇرادەرلەر! سىلەر مېنى خەلىپە دەپ پەرەز قىلىپ، نېمە تىلىكىڭلار بولسا دەپ بېقىڭلار! - دەپتۇ.

- بۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇ دېگىنىڭ ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېگەنلىك، - دەپتۇ ئارىدىن بىرى مەسخىرە ئارىلاش. ئارقىدىنلا يەنە بىرى:

- ھەي مۇھەممەد! سەن پەقەت يۈك توشۇشقىلا يارايسەن. خەلىپىلىك كىم، سەن كىم؟ - دەپتۇ.

مۇھەممەد يەنە شۇ پىكىردە چىڭ تۇرۇپتۇ. ئۇلار بىرھازا تالاشقاندىن كېيىن ئارىدىن بىرى:

- مەن قۇشلار سايرىشىپ تۇرىدىغان گۈزەل بىر باغچەم، بىر ئېغىل ئېتىم، 100 مىڭ ئالتۇن تىللايىم بولسىكەن دەيمەن، - دەپتۇ مەنىستىمىگەن قىياپەتتە.

مۇھەممەد يەنە بىر ھەمراھىغا قاراپ:

- سەنچۇ؟ سېنىڭ قانداق ئارزۇيۇڭ بار؟ - دەپتۇ.

- ھەي مۇھەممەد! سەن دېگەن بىر ھامال تۇرساڭ، ھامالنىڭ

خەلپە بولغىنى نەدە بار؟ «تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تېگىپتۇ دېسە» ئىشىنەرمەنۇ، سېنىڭ خەلپە بولىدىغانلىقىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. ناۋادا خەلپە بولۇپ قالساڭ، مېنى سازايى قىلغىن! بىر جاكارچى مېنى ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ كوچىمۇكوچا ئايلاندۇرۇپ:




– ئەييۇھەنناس! ئىشىتىڭلار ئامۇخاس! بۇ ئادەم بىر ساختىپەز، ئالدامچى كاززاپتۇر. كىمكى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ماڭسا ياكى ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىز گەپ قىلسا، ئۇنىڭ جازاسى قاراڭغۇ زىندانىدۇر، دېسۇن! – دەپ مەسخىرە قىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. شۇنداق دېيىشىپ ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى تۈگەپ ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا غەرق بوپتۇ.

مۇھەممەد تاڭ يورۇشى ئورنىدىن تۇرۇپ، بامدات نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن نېمە قىلىش، ئىشنى نەدىن باشلاش ھەققىدە ئويلىنىپ بىرھازا ئولتۇرۇپتۇ. ئاخىر ئىشنى ئېشەكنى سېتىشتىن باشلاش قارارىغا كەپتۇ.



شۇنداق قىلىپ، مۇھەممەد ئېشكىنى سېتىۋېتىپ ئەسكەرلىككە كىرىپتۇ. پۈتۈن تىرىشچانلىقى بىلەن بارا

- بارا مەرتىۋىسى ئۆرلەپ، ئاخىرىدا ئەندەلۇس (ھازىرقى ئىسپانىيە) تىكى چوڭ بىر قوشۇننىڭ قوماندانىغا ئايلىنىپتۇ.



شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەمەۋىي خەلىپىسى تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىپ، ئورنىغا ئون ياشلىق ئوغلى تەخت ۋارىسى بوپتۇ. ئوردا ئىچىدىكى ۋەزىر - ۋۇزەرالار مەسلىھەتلىشىپ بالا خەلىپىنىڭ يېنىغا بىر ياردەمچى ۋەلىئەھد تەيىنلەشنى قارار قىلىشىپتۇ .

لېكىن ئۇلار ۋەلىئەھد ئەمەۋىي جەمەتىدىن بولۇپ قالسا، پۈتۈن سەلتەنەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يات بىر جەمەتتىن ئۈچ كىشىنى ياردەمچى ۋەلىئەھدلىككە تەيىنلەپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى دەل مەزكۇر ھامال مۇھەممەد ئىبنى ئامىر ئىكەن.



ئۇ زىرەكلىكى ۋە ئەقىل پاراستى بىلەن بىردىنبىر ۋەلىئەھدگە ئايلىنىپتۇ. ئاندىن قوشۇن تەشكىللەپ نۇرغۇن شەھەر ۋە مەملىكەتلەرنى فەتىھ قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ مۇھەممەد ئىبنى ئامىر ئاللاھقا بولغان تەۋەككۈلچىلىك روھى ۋە ئالاھىدە تالانتى بىلەن

مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسىگە ئايلىنىپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن نۇرغۇن خەيرلىك ئىشلارنى قىپتۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارغا ئېيتقىنكى، (خالىغان ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ. سىلەر ئاخىر يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ﴾[16].

مۇھەممەد ئىبنى ئامىر خەلىپە بولۇپ، تەختتە ئولتۇرغان كۈنلەردىن بىرىدە 30 يىل ئىلگىرىكى ھامماللىق ھاياتىنى ۋە ھېلىقى ئىككى بۇرادىرىنى ئەسلەپ قاپتۇ ـ دە، ئۇلارنى دەرھال ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپتۇ.



ئۇزۇن ئۆتمەي خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلگەن ئىككى ھammال خان سارىيىغا كىرىپ، خەلىپىگە قاراپ ھەيران قاپتۇ.

ـ بۇ بىزنىڭ ھاممال بۇرادىرىمىز مۇھەممەد ئەمەسمۇ؟! ـ دېيىشىپتۇ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ.

ـ مېنى تونۇدۇڭلارمۇ؟ ـ دەپتۇ خەلىپە ئۇلارغا زەن سېلىپ قاراپ.

ـ شۇنداق، خەلىپە جانابلىرى! بىراق سىلى بىزنى تونۇمىدىلا، ـ دەپتۇ ئىككىسى.

16) تەۋبە سۈرىسى، 106 - ئايەت.

– ياق، تونۇدۇم. سىلەرنى تونۇماي قالامتىم؟ – دەپتۇ خەلپە ئىشەنچ بىلەن. ئۇزۇن ئۆتمەي خەلپە ۋەزىر – ۋۇزەرالىرى ۋە ياساۋۇللىرىغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

– بىز ئۈچەيلەن بۇندىن 30 يىل ئىلگىرى بىللە ھامماللىق قىلاتتۇق، كىشىلەرنىڭ يۈك – تاقلىرىنى توشۇپ بېرەتتۇق. بىر كۈنى كېچىدە مۈگدىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇلارغا:

– ناۋادا مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە خەلپە بولۇپ قالسام، مەندىن سورايدىغان نېمە تىلەكلىرىڭلار بار؟ تىلەكلىرىڭلارنى دەپ بېقىڭلار! – دېگەن ئىدىم. مانا ئەمدى دېگىنىمدەك خەلپە بولدۇم، – دەپتۇ.



ئاندىن ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلگەن ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ بىرىگە:

– بۇرادەر، قېنى دېگىنە! سەن شۇ چاغدا مەندىن نېمە تىلىگەن ئىدىڭ؟ – دەپتۇ.

– قوشلار سايرىشىپ تۇرىدىغان گۈزەل بىر باغچەم، بىر ئېغىل ئېتىم، 100 مىڭ تىللا ئالتۇنۇم بولسىكەن دېگەن ئىدىم، خەلپە جانابلىرى! – دەپتۇ ئۇ



كىشى تولىمۇ خىجىل بولغان قىياپەتتە.

ـ ئۇنى ئارزۇسىغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار! ـ دەپتۇ خەلىپە دەرھال پەرمان چۈشۈرۈپ.



ئاندىن يەنە بىر بۇرادىرىگە قاراپ:

ـ سەن شۇ چاغدا مەندىن نېمە تىلىگەن ئىدىڭ؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ ئەپۇ قىلسىلا، جانابلىرى! گۇناھىمدىن ئۆتسىلە! ـ دەپتۇ ئۇ يالۋۇرۇپ.

ـ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن مۇشۇ سورۇندىكىلەرگە شۇ چاغدىكى تىلىكىڭنى ئېيتمىغۇچە ئەپۇ قىلمايمەن، ـ دەپتۇ خەلىپە قەتئىيلىك بىلەن.

ـ ناۋادا سەن خەلىپە بولۇپ قالساڭ، مېنى ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ جاكارچىغا بۇيرۇق قىلغىن. ئۇ مېنى كوچىمۇكوچا ئايلاندۇرۇپ:

ـ ئەييۇھەنناس! ئىشتىڭلار ئامۇخاس! بۇ ئادەم بىر ساختىپەز، ئالدامچى كاززاپتۇر. كىمكى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ماڭسا ياكى ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىز گەپ قىلسا، ئۇنىڭ جازاسى قاراڭغۇ زىندان بولىدۇ، دەپ توۋلىسۇن! ـ دېگەن ئىدىم دەپتۇ ئۇ كىشى خىجالەتچىلىك بىلەن.

ـ بۇنىمۇ ئارزۇسىغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار! ئۇ ئاللاھنىڭ ھەر ئىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسۇن! ـ دەپتۇ خەلىپە كەسكىن تەلەپپۇزدا.



شۇنداق قىلىپ، ئۇ كىشى ئىشەككە تەتۈر مىندۈرۈلۈپ، كوچىمۇكوچا سازايى قىلىنىپتۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! سەن خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن، خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن، ھەممە ياخشىلىق (نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن﴾[17].

17) ئال ئىمران سۈرىسى، 26 - ئايەت.

# ساندۇقتا ساقلانغان قۇرئان

ناھايىتى تەقۋادار بىر دادا بار ئىكەن. ئۇنىڭ قۇرامىغا يەتكەن ئۈچ ئوغلى بار بولۇپ، دادا قاچانلا قارىسا ئۇلار روھى چۈشكۈن، غەمكىن يۈرىدىكەن.



دادا ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىسىگە ئاساسەن، بۇنداق روھىي كەيپىياتنىڭ بىردىنبىر سەۋەبىنىڭ قۇرئاننى ئوقۇماي، تاشلاپ قويغانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. دەرۋەقە، ئۇلار قۇرئاننى چىرايلىق رەختكە ئوراپ، ھۆرمەتلەپ ساندۇققا سېلىپ قويغان بولۇپ، ھەر كۈنى بىر قېتىم قۇرئاننى قولىغا ئېلىپ سۆيۈپ قويىدىكەن ـ يۇ، ئېچىپ، ئوقۇپ باقمايدىكەن.

دادا بىر كۈنى ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرىپ، مۇنداق بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرىپتۇ:

قەدىمكى زاماندا مەلۇم بىر يېزىدا بىر دادا بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئايالى، ئىككى ئوغلى ۋە بىر قىزىنى قويۇپ، ھالال رىزىق ئىزدەپ سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇ بالىلىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن.



بىر كۈنى دادا ئۇلارغا تۈنجى مەكتۇپنى ئەۋەتىپتۇ. بىراق ئۇلار مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇپ باقمايلا، قىممەت باھالىق بويۇم سۈپىتىدە ھۆرمەتلەپ، سۆيۈپ، چىرايلىق رەختكە ئوراپ، ساندۇققا سېلىپ ساقلاپ قويۇپتۇ.



ئۇلار ئۇنى پات - پات قوللىرىغا ئېلىپ، چاڭ - توزانلىرىنى سۈرتۈپ، سۆيۈپ، يەنە ئورنىغا قويۇپ قويىدىكەن.

دادا ھەر قېتىم مەكتۇپ ئەۋەتسە، ئۇلار سىرتىغا قاراپ زوقلىنىپ، ئېچىپ ئوقۇمايلا، چىرايلىق ساقلاپ قويۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ.

يىللار شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپتۇ...

ئاخىر دادىمۇ ئائىلىسىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئەينى چاغدا قالدۇرۇپ كەتكەن ئۈچ بالىدىن پەقەت كەنجى ئوغلىلا قالغان بولۇپ، قارىسا ئايالىمۇ كۆرۈنمەيتۇ. دادا پەرىشان بولۇپ:

- ئاناڭ قېنى؟ - دەپ سوراپتۇ.

- ئانام ئېغىر كېسەل بولۇپ قېلىپ، داۋالىتىدىغانغا پۇل يوق ئۆلۈپ كەتتى، - دەپتۇ كەنجى ئوغۇل ئېغىر ئۇھسىنىپ. دادا ھەيران بولۇپ:



- مەن دەسلەپ ئەۋەتكەن مەكتۇپچۇ؟ ئۇنىڭدا خېلى كۆپ

پۇل ئەۋەتكەن ئىدىمغۇ؟ ــ دەپتۇ.

ــ ئۇنى ئاچماپتۇق، ــ دەپتۇ كەنجى ئوغۇل.

ــ چوڭ ئوغلۇمچۇ؟ ئۇ نەگە كەتتى؟ ــ دەپتۇ دادا جىددىيلىشىپ.



كەنجى ئوغۇل:

ــ ئاكام ئانام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەسكى بالىلار بىلەن ئارىلىشىپ، تەربىيە قىلغۇدەك ئادەم بولمىغاچقا، يامان يولغا كىرىپ قېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، ــ دەپتۇ.

ــ قانداقسىگە شۇنداق بولىدۇ؟ مەن ئەۋەتكەن ئىككىنچى مەكتۇپقا قاراپ باقمىدىڭلارمۇ؟ مەكتۇپتا ئۇنىڭ يامان ھەمراھلاردىن ئايرىلىپ، يېنىمغا كېلىشىنى دېگەنتىمغۇ؟

كىچىك ئوغۇل ئۇنىمۇ ئېچىپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.



ــ تۇۋا خۇدايىم! ئەمىسە، سىڭلىڭ قېنى؟

دادا بۇ قېتىم خەيرلىك جاۋاب كۈتۈپ ئوغلىغا قاراپتۇ. ئوغۇل بەخىرامان ھالدا:

ــ ئۇ سىزگە بىر يىگىت توغرىسىدا مەسلىھەت سېلىپ خەت ئەۋەتكەن ئىدى. كېيىن شۇ يىگىت بىلەن توي قىلىپ، ھازىر ناھايىتى بەختسىز تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ، ــ دەپتۇ.

دادا تېخىمۇ غەزەپلىنىپ:

– مەن ئۇ يىگىتنى ياخشى بالا ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن تويى قىلساڭ بولمايدۇ، دەپ نەسىھەت قىلىپ خەت ئەۋەتكەن ئىدىمغۇ؟ ئۇنىمۇ ئوقۇمىدىڭلارمۇ؟ – دەپتۇ.

– ياق، دادا! بىز سىز ئەۋەتكەن خەتلەرنى قەدىرلەپ، ساندۇققا سېلىپ پات - پات سىرتىغا قاراپ سىلاپ، سۆيۈپ، يەنە ساندۇققا سېلىپ قويۇپتۇق، – دەپتۇ كەنجى ئوغۇل.



دادا ئوغۇللىرىغا بۇ ھېكايىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

مەن ئۇ ئائىلىنىڭ قانداق ۋەيران بولغانلىقى ھەققىدە كۆپ ئويلاندىم. ئۇلار ئەسلىدە دادىسى ئەۋەتكەن مەكتۇپلارنى قەدىرلىدۇق دەپ ساندۇققا سېلىپ قويۇشنىڭ ئورنىغا، ئېچىپ ئوقۇپ، پايدىلانغان بولسا، ئۇنداق ۋەيران بولۇپ، ئۇنچىۋالا ئېغىر كۈنگىمۇ قالماس ئىدى.


– ئەي ئەزىز ئوغۇللىرىم! سىلەرمۇ ئەمدى شۇ بالىلارغا ئوخشاپ قېلىۋاتىسىلەر، قۇرئان كەرىمنى ساندۇققا چىرايلىق سېلىپ قويۇپ ئوقۇمايۋاتىسىلەر، ھەر كۈنى بىر قېتىم سۆيۈپ قويۇپ، ھۆرمەتلىدۇق دەپ تاشلاپ قويۇۋاتىسىلەر. ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ئېچىپ ئىچىدىكى بىلىملەردىن پايدىلىنىشىڭلار ۋە ئەمەل قىلىشىڭلار كېرەك. چۈنكى، ئاللاھ ئۇنى ئىنسانلارنىڭ توغرا يولدا مېڭىشى ئۈچۈن مۇكەممەل يول خەرىتىسى قىلىپ نازىل قىلغان. ناۋادا

HAKSEVER
ھەقسۆيەر

ئىنسانلار شۇنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ماڭسا، ھەممە ئىشلىرى ياخشى بولۇپ كېتەتتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ بىز نازىل قىلغان (قۇرئان) مۇبارەك كىتابتۇر. ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغۇچىلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭلار، ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىڭلار!﴾[18].

قۇرئاننى تاشلىۋەتكىنىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى دەرد - ئەلەم، غەم - قايغۇ بېسىۋالغان، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ئورىۋالغان. بۇ خاپىلىقلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭلارغا ھەر ۋاقىت ئىستىغپار ئېيتىڭلار، ئاللاھقا كۆپ ئىلتىجا قىلىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئەڭ ياخشى مەدەتكار ۋە ئەڭ ياخشى ياردەمچىدۇر.



ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغانلار قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ، شۈبھىسىزكى، قۇرئان غالىب كىتابتۇر، ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن باتىل يۈزلەنمەيدۇ. ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ساڭا مۇشرىكلارنىڭ ئېيتقانلىرى پەقەت ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە قەۋملىرى تەرىپىدىن ئېيتىلغان سۆزلەردۇر. شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە قاتتىق ئازابلىغۇچىدۇر.

18) ئەنئام سۈرىسى، 155 - ئايەت.

مۇبادا بىز ئۇنى ئەجەم تىلىدىكى قۇرئان قىلىپ نازىل قىلساق ئىدۇق، بۇلار ئەلۋەتتە: نېمىشقا ئۇنىڭ ئايەتلىرى بىز چۈشىنىدىغان تىلدا روشەن بايان قىلىنمىدى؟ ئەجەبا، پەيغەمبەر ئەرەب، كىتاب ئەجەمچىمۇ؟ دېگەن بولاتتى. ئۇ، ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر. دىللاردىكى شەك ـ شۈبھىگە شىپا قىلىدۇ. ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ قۇلاقلىرى قۇرئاننى ئاڭلاشتىن ئېغىردۇر يەنى قۇرئاننىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ گويا قولاقلىرى ئېغىردۇر، قۇرئان ئۇلارنىڭ دىللىرىغا كورلۇقتۇر يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ، ئەنە ئاشۇلار يىراقتىن نىدا قىلىنغۇچىلاردۇر يەنى ئۇلار ھەقنى قوبۇل قىلماسلىقتا، ئىمانغا يىراقتىن چاقىرىلغان، ئەمما ئارىلىقتىكى مۇساپىنىڭ يىراقلىقىدىن چاقىرىقنى ئاڭلىمىغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ﴿.[19]

19) فۇسسىلەت سۈرىسى، 40-44 – ئايەتلەر.

# شۇرەيە قازى

ئىسلامدىكى قازىلىق تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەر شۇرەيە قازىنىڭ ھەيران قالارلىق ئەقىل ـ پاراسىتى، پەۋقۇلئاددە زېرەكلىكى، جاسارەت ۋە ئادالىتىنى تەسۋىرلەيدىغان ئاجايىپ ھېكايىلەرگە تولۇپ ياتماقتا.

بىر كۈنى تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەتىۋارلىق بىر تۆمۈر قالقىنىنى يوقىتىپ قويىدۇ. خەلىپە ئەلى ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۇفە بازىرىنى ئايلىنىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ يۈتكەن قالقىنىنى بىر يەھۇدىينىڭ قولىدا كۆرۈپ قالىدۇ. يەھۇدىي ئۇنى ساتماقچى بولۇپ تۇراتتى. خەلىپە ئەلى قالقاننى تونۇپلا:

ـ بۇ مېنىڭ قالقىنىم، پالان كېچىسى، پۇستان يەردە تۆگەمدىن چۈشۈپ قاپتىكەن، ـ دەيدۇ.

ـ ياق! بۇ مېنىڭ قالقىنىم. مېنىڭ قولۇمدىكى نەرسە قانداقسىگە سىلىنىڭ بولۇپ قالىدۇ، ئەي ئەمىرۇلمۇئمىنىن؟ـ دەپ تۇرۇۋالىدۇ ھېلىقى يەھۇدىي قولىدىكى قالقاننى چىڭ سىقىمداپ.



شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى بۇ مەسىلىنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، شۇ چاغدا كۇفە شەھىرىنىڭ قازىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان شۇرەيە قازىنىڭ ھوزۇرىغا بارىدۇ.

ـ نېمە گەپلىرى بار ئىدى، خەلىپە جانابلىرى؟ ـ دەپ سورايدۇ قازى شۇرەيە ئەدەپ بىلەن.

ــ بۇ مېنىڭ قالقىنىم ئىدى. ئارىمىزدا سودا ـ سېتىق بولغان ياكى مەن ئۇنىڭغا بېرىۋەتكەن ئىشمۇ يوق. لېكىن مەن بۇ قالقاننى ئۇنىڭ قولىدا كۆردۈم، ــ دەيدۇ خەلىپە ئەلى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قازى شۇرەيھ يەھۇدىيغا قاراپ:

ــ بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ ــ دەپ سورايدۇ. يەھۇدىي قازىغا جاۋابەن:

ــ بۇ قالقان مېنىڭ. مەن ئەمىرۇلمۇئمىنىننى يالغانچى دېمەكچى ئەمەسمەن. ئەمما قالقان مېنىڭ قولۇمدا تۇرسا، قانداقسىگە ئۇنىڭ بولىدۇ؟ ــ دەيدۇ.



شۇرەيھ قازى خەلىپە ئەلىگە:

ــ ئەي ئەمىرۇلمۇئمىنىن! مەن سىلىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگەن تەقدىردىمۇ، بۇ كىشىنىڭ قولىدىكى نەرسىنى سىلىگە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بۇ قالقاننىڭ سىلىگە ئائىت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل ـ پاكىتلار تولۇق بولۇشى كېرەك، ــ دەيدۇ.

ــ بار، قازى جانابلىرى! خىزمەتچىم قۇنبۇر بىلەن ئوغلۇم ھەسەن بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ، ــ دەيدۇ خەلىپە ئەلى بۇ دەۋادا ئۇتتۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالدا.

ــ بالىنىڭ دادىسى ئۆچۈن، قۇلنىڭ خوجايىنى ئۆچۈن بەرگەن گۇۋاھلىقى شەرئەتتە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، خەلىپە جانابلىرى! ــ دەيدۇ قازى شۇرەيھ خەلىپە ئەلىنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ.

خەلىپە بۇنىڭدىن ھەيران قېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ــ سۇبھانەللاھ! مۇشۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ!؟ جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەن كىشىنىڭ گۇۋاھلىقىمۇ ئۆتمەمدۇ ئەمدى!؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەسەن بىلەن ھۆسەيىن جەننەتتىكى ياشلارنىڭ سەردارى» دېگەن تۇرسا، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قانداقسىگە قوبۇل قىلىنمىسۇن!؟

ــ دېگەنلىرى توغرا، جانابلىرى! بىراق شەرئەتنىڭ ھۆكمى شۇنداق. مەن بالىنىڭ دادىسى ئۆچۈن، قۇلنىڭ خوجايىنى ئۆچۈن بەرگەن گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلالمايمەن.

قازى شۇرەيھ بۇ گەپلەرنى جىددىي تەلەپپۇزدا دەۋاتاتتى. ئۇ ئۆز قالقىنىغا ئىگە بولالمايۋاتقان خەلىپە يېنىدىكى يەھۇدىيغا قاراپ:

ــ بوپتۇ، قالقان ساڭا قالسۇن، مېنىڭ شۇلاردىن باشقا گۇۋاھچىم يوق، ــ دەيدۇ.

پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى خەلىپىسىنىڭ ئىسلامنىڭ ھۆكمى ئالدىدا، يەنە كېلىپ ئادەتتىكى بىر شەھەر قازىسىنىڭ ئالدىدا باش ئېگىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن يەھۇدىي بۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ مۇنداق دەيدۇ:

ــ ئۇنداقتا، سىلىگە مەن شاھىت بولاي. بۇ قالقان سىلىنىڭ، خەلىپە جانابلىرى! ھەيرانمەن، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى خەلىپە ئەلى مەن بىلەن دەۋالىشىپ شەھەر قازىسىنىڭ ئالدىغا ئادالەت ئىزدەپ كېلىدۇ. قازى ئۇ قالقاننى ئۆز خەلىپىسىگە ئەمەس، ماڭا ئېچىپ بېرىدۇ. مەن ئادالەتكە ۋە ھەقىقەتكە چاقىرىدىغان بۇ دىنىنىڭ

ھەق دىن ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

مەزكۇر يەھۇدىي شۇ يەردىلا: «ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» دەپ شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولىدۇ.




يەھۇدىي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

ــ قازى جانابلىرى! بۇ قالقان خەلىپىنىڭ قالقىنى. ئۇ سىففىن جېڭىگە كېتىۋاتقاندا مەن قوشۇننىڭ كەينىدىن ماڭغان ئىدىم. شۇ چاغدا بۇ قالقان چۈشۈپ قاپتىكەن، مەن ئېلىۋالغان ئىدىم.

مەزكۇر يەھۇدىينىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى كۆرگەن خەلىپە ئەلى بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ:

ــ ئەمدى سەن مۇسۇلمان بولدۇڭ. شۇڭا بۇ قالقان بىلەن ماۋۇ ئات سېنىڭ بولسۇن! ــ دەپ ئۇنىڭغا ئاتنىمۇ قوشۇپ بېرىۋېتىدۇ.



ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ كىشىنىڭ خەلىپە ئەلىنىڭ بايرىقى ئاستىدا خاۋارىجلارغا قارشى باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، شېھىت بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھنىڭ ئەھدىنى ئەرزىمەس نەرسىگە سېتىۋەتمەڭلار. ئەگەر بىلسەڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب سىلەر ئۈچۈن (پانىي دۇنيانىڭ نەرسىلىرىدىن) كۆپ ئارتۇقتۇر. ئەي ئىنسانلار! سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب تۈگىمەستۇر. سەۋر قىلغۇچىلارغا ئەلۋەتتە قىلغان ئەمىلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز، ئەر - ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە دۇنيادا (قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا ئەلۋەتتە قىلغان ئەمەلدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾[20].

HAKSEVER
ھەقسۆيەر

21) نەھل سۈرىسى، 96- ئايەت.

# قاغا دېدىمغۇ، قاغا!

ئاتمىش بەش ياشقا كىرىپ قالغان بوۋاي 33 ياشلىق ئوغلى بىلەن بىرگە ياشايتتى. بوۋاي ياشانغانسېرى نېرۋىسى ئاجىزلىشىپ ئۇنتۇغاق بولۇپ قالغان ئىدى. تۇيۇقسىز بىر قاغا دېرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ قاقىلداشقا باشلىدى:

ــ قاق... قاق... قاق...



دادا ئوغلىدىن سورىدى:

ــ بۇ نېمە قۇش، بالام؟

ــ بۇ قاغا، دادا! ــ دەپ جاۋاب بەردى ئوغۇل.

بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن دادا يەنە سورىدى:

ــ بالام، بۇ نېمە قۇش؟

ئوغۇلنىڭ ئىچى سىقىلدى:

ــ قاغا دېدىمغۇ، قاغا! نېمانداق تولا سوراۋېرىسىز؟

يەنە بىر ئازدىن كېيىن دادا ئوغلىدىن سوراپ قالدى:



ــ بالام، بۇ نېمە قۇش؟

ئوغۇلنىڭ ئاۋازى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ:

ــ قاغا دېدىمغۇ دادا، قاغا! بىر سوئالنى قايتىلاپ ئۈچ قېتىم سوراپ بولدۇڭ. ساڭا ھەر قېتىم دېدىمغۇ، «قاغا، قاغا!» دەپ. تىۋۋا خۇدايىم،

تووۋا! مۇشۇنچىلىك گەپنىمۇ سوراۋېرەمسەن؟! ـ دېدى قاتتىق زەردە بىلەن.



دادا كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي كونا بىر «كۈندىلىك خاتىرە»نى ئېلىپ چىقتى.

ـ بۇنى ئۈنلۈك ئوقۇغىن، ئوغلۇم! ـ دېدى دادا ئوغلىغا خاتىرىنى سۇنۇپ.

ئوغۇل خاتىرىنى ئېچىپ ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

ـ بۈگۈن ئوغلۇمنىڭ ئىككى ياشقا تولغان كۈنى. ئوغلۇم ئىنتايىن خۇشال ئويناۋاتاتتى. تۇيۇقسىز بىر قاغا ئۆيىمىزنىڭ باغچىسىغا كېلىپ قاقىلداشقا باشلىدى.




ـ بۇ نېمە، دادا؟

بۇ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى ئوغلۇم مەندىن ئوماقلىنە ئەركىلەپ.

ـ بۇ قاغا، بالام! ـ دېدىم مەن.

ئوغلۇم بۇ سۆزنى ئۆگىنەلمەي مەندىن قايتا ـ قايتا سورىدى. مەنمۇ زېرىكمەي جاۋاب بېرىۋەردىم...

تەخمىنەن 20 قېتىم سورىغاندىن كېيىن ئوغلۇم ئاخىر بۇ

سۆزنى ئۆگىنىۋالدى. مەن خۇشاللىقىمدىن ئوغلۇمنى قۇچاقلاپ كەتتىم. ئوغلۇممۇ بىر قۇشنىڭ ئىسمىنى بىلىۋالغانلىقىدىن بولسا كېرەك، شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتتى. مەنمۇ ئوغلۇمنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولغان ئىدىم. ئىككىمىز بىرگە كۈلۈشۈپ ھېرىپ ئاخىر بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق...

ئوغۇل كۆڭۈلدىكى خاتىرىنى ئوقۇۋېتىپ ئۆزىنى تۇتالماي ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى...

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن! (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن!)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيەلىگىنىدەك، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن! دېگىن﴾[21].

قەدىرلىك دوستۇم، ئويلاپ بېقىڭ! ئانىڭىز سىزنى 9 ئاي 9 كۈن قورسىقىدا كۆتۈرۈپ يۈردى. ئەمما سىز ئانىڭىزنى 9 مىنۇت يۆلەپ ھاجەتخانىغا ئاپىرىپ باقتىڭىزمۇ؟

ئانىڭىز سىزنى جانىنى ئالغۇدەك ساناقسىز تولغاق ئازابلىرىغا چىداپ تۇرۇپ، «ئۆزۈم ئۆلۈپ قالسام مەيلى، بالام ياشىسۇن، دوختۇر! بالام ساق قالسۇن!» دەپ يىغلاپ تۇرۇپ تۇغىدۇ.

21) ئەنبىيا سۈرىسى، 22-23 – ئايەتلەر.

بەلكىم ئاغلاپ تۇرىدىغانسىز، نۇرغۇنلىغان ئانىلار تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

دوستۇم، ئېسىڭىزدىمۇ؟

ياق، سىز ئەسلىيەلمەيسىز.

سىز سۈت ئېمىدىغان مەزگىللەردە، ئىككى - ئۈچ ياشقا كىرگۈچە كېچىدە ھەر سائەتتە بىر يىغلاپ ئانىڭىزنى ئويغىتىسىز، ئانىڭىز تاتلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ سىزنى ئېمىتىدۇ.

بەزىدە سىز تەلۋىلەرچە يىغلاپ تۇرۇۋالىسىز. ئانىڭىز بۆشۈكىڭىزنى تەۋرىتىپ ئەللەي ئېيتىپ ئۇخلىتىدۇ.

ئەمما سىزچۇ؟

ئانىڭىز كېسەللىكتىن ياكى قېرىلىقتىن ئۇيقۇسى كەلمىگەندە ياكى بىئارام بولۇۋاتقاندا ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ دەردىگە دەرمان بولۇپ باقتىڭىزمۇ ياكى ئۇيقۇڭىزنى، ئىشىڭىزنى ئەلا بىلدىڭىزمۇ؟

ياتقان يېرىڭىزنى، كۆرپىڭىزنى، بۆشۈكىڭىزنى چوڭ - كىچىك تاھارەت قىلىپ بۇلغاپ قويغىنىڭىزدا، ئانىڭىز شۇ نىجاسەتتىن يىرگەنمەي، سىيىق پۇراقتىن ئاغزىنى ئېتىۋالماي، بەلكى خۇشپۇراق بىلىپ كۆرپىڭىزنى، بۆشۈكىڭىزنى تازىلايدۇ. سىزگە يەنە راھەت ئۇخلىشىڭىز ئۈچۈن شارائىت ھازىرلايدۇ.

ئەمما سىزچۇ؟

ئانىڭىز كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا، تاھارىتىنى تازىلاشتىن يىرگىنىسىز، پۇراقتىن بىزار بولىسىز ھەتتا كېسىلى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ قالسا، بالدۇرراق ئۆلۈپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىسىز (ئاللاھ ساقلىسۇن!). ھالبۇكى، ئانىڭىز ئۆز جېنى بەدىلىگە سىزنىڭ ياشىشىڭىزنى ئارزۇ قىلغان ئىدى.

ئاتا - ئانىڭىز قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى، ئېسىل غىزالارنى سىزگە

يېگۈزىدۇ، ئۆيدە بولماي قالسىڭىز، سىزنى يېسۇن دەپ ئاۋايلاپ ساقلاپ قويىدۇ. سىز ئۇبدان غىزالانسىڭىز، تاماقنى كۆپ يەپ بەرسىڭىز، ئۇلار خۇشال بولىدۇ.

ئەمما سىز ئېسىل غىزالارنى دوستلىرىڭىز بىلەن ياكى ئايال باللىرىڭىز بىلەن يېگەندە، ئۇلار ئېسىڭىزگە كېلەمدۇ؟

دوستۇم ! سىز كېسەل بولۇپ ھاياتىڭىز خەتەر ئىچىدە قالغاندا، ئاتا ـ ئانىڭىز بارلىقىنى ھەتتا ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىنى سېتىپ داۋالىتىدۇ. پۇلى يېتىشمىسە، قەرز ئېلىپ سىزنىڭ ھايات قېلىشىڭىز، ئۆلۈپ كەتمەسلىكىڭىز ئۈچۈن ئۇزۇن يىللار جاپالىق ئىشلەپ قەرز تۆلەيدۇ.

سىز بەخىرامان شېرىن ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتقىنىڭىزدا ئاتا ـ ئانىڭىز كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىدە ئورنىدىن تۇرۇپ سىز ئۈچۈن دۇئاغا قول كۆتۈرىدۇ. ئاللاھتىن يىغلاپ يالۋۇرۇپ تۇرۇپ مۇنداق تىلەيدۇ:

«ئى مېھرىبان ئاللاھ! بالامنى بەختلىك قىلغىن، بەدبەخت قىلمىغىن! رىزقىنى كەڭ قىلغىن، موھتاج قىلمىغىن! ساق قىلغىن، كېسەل قىلمىغىن! بارلىق بالا ـ قازا، خېيىم ـ خەتەردىن ساقلىغىن! تۇيۇقسىز ئۆلۈمدىن ساقلىغىن! ئۇزۇن ئۆمۈر، سالىھ ئەمەل ئاتا قىلغىن! يا رەببىم!».

دوستۇم! ئاتا ـ ئانىڭىز ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ ئىنسانلار. ئۇلار سىزنى شەرتسىز، سەۋەبسىز ۋە غەرەزسىز ياخشى كۆرىدۇ. بىرەر ئىشتا ئۇتۇق قازانسىڭىز ياكى بەخت تاپسىڭىز، باشقىلار ھەسەت ياكى دۈشمەنلىك قىلسىمۇ، ئۇلار ئىچ ـ ئىچىدىن، قات ـ قېتىدىن خۇشال بولىدۇ.

سىزنىڭ ئىمان ۋە سالىھ ئەمەللەر بىلەن ياشىشىڭىز، بەخت

تېپىشىڭىز، ئىشلىرىڭىزدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىز، ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ خۇشاللىقى، ئەڭ چوڭ غەلىبىسىدۇر.

ئۇلار ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرگە تەييارلىغان نازۇنېمەتلىك جەننەتتە سىز بىلەن بىللە ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

قەدىرلىك دوستۇم! سىز ئەمدى ئاتا ـ ئانىڭىزغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىڭىز؟

ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەجرىگە، بىغۇبار سۆيگۈسىگە قانداق جاۋاب قايتۇرۇۋاتىسىز؟

بۇندىن كېيىن قانداق مۇئامىلە قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟

# مالىك ئىبنى دىنارنىڭ تەۋبىسى

مالىك ئىبنى دىنار ئۆزىنىڭ تەۋبە قىلىش جەريانىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

مەن ياشلىقىمدا پۇتۇنلەي تۈگىشىپ كەتكەن بىر يىگىت ئىدىم. ھەرقانداق گۇناھنى قىلاتتىم، داۋاملىق مەست يۈرەتتىم، شۇنچىلىك گۇناھقا پاتقان ئىدىمكى، كىشىلەر مەن بىلەن ئارىلىشىشتىن ھەتتا كۆرۈشۈپ قېلىشتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇراتتى.



كۆپلەرنىڭ بىردە تۇرمۇش قۇرۇپ، بالا - چاقىلىق بولسامچۇ، دېگەن خىيالغا كەلدىم. راست دېگەندەك، ئۆزۈمگە قالماي ئۆيلەندىم. ئاللاھ بىر قىز پەرزەنت ئاتا قىلدى، ئىسمىنى پاتىمە قويدۇم. قىزىمنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتىم. قىزىم ئىككى ياشقا كىرگەندە قولۇمغا ھاراق ئالسام، يېنىمغا كېلىپ قولۇمدىكى قەدەھنى ئىتتىرىۋېتەتتى. ئەپسۇس، قىزىم ئۈچ ياشقا كىرگەندە تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن دەرد - ئەلەمدە



بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك گۇناھقا پاتتىم، باشقىلارغا ئوخشاش بالا - قازا ۋە مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلالمىدىم. شەيتان مېنى ئالداپ، بۇرۇنقىدىنمۇ

بەتتەر ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتاتتى.

بىر كۈنى شەيتان مېنى يەنە ھاراققا قىزىقتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى ھاراق ئىچىپ ئۆتتۇم. ئىچكەنسېرى ئىچتىم، يەنە ئىچتىم، ئاخىر مەستلىكتە ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئارقىمۇئارقا چۈشلەرنى كۆرۈپ، ئاخىردا مۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتىمەن:



قىيامەت قايىم بولارمىش، قۇياش نۇرى ئۆچۈپ، ئالەم قاراڭغۇلىشىپ كېتەرمىش، دېڭىزلار ئوتقا ئايلىنىپ، يەر ئاجايىپ قاتتىق تەۋرىگۈدەكمىش، تۇيۇقسىز غايەت زور بىر ئەجدەرھا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، مەن تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقۇدەك. مەن قورققىنىمدىن كەينىمگىمۇ قاراشقا جۈرئەت قىلالماي قاچقۇدەكمەن، قاچارمەن، قاچارمەن... شۇنداق قېچىپ ياشانغان، ئاجىز بىر بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتىمەن.

– ئۆتۈنۈپ قالاي! ئۆتۈنۈپ قالاي! مېنى بۇ ئەجدەرھادىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ! – دەپتىمەن قورقۇنۇچ ئىچىدە ۋارقىراپ.



بوۋاي ماڭا:

– ئوغلۇم! مەن بىر ئاجىز كىشىمەن. سېنى قۇتۇلدۇرغۇدەك

ھالىم يوق. ئاۋۇ تەرەپكە ماڭ! بار كۈچۈڭ بىلەن يۈگۈرۈپ قاچ! بەلكىم قۇتۇلۇپ قالارسەن، ــ دېگۈدەكمىش.
بوۋاي كۆرسەتكەن تەرەپكە يۈگۈرۈۋاتىمەن، ئەجدەرھا كەينىمدىن قوغلاۋاتىدۇ، ئاخىر ئالدىمدا دوزاخ كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن كەينىمگە قاچتىم، ئەجدەرھا يەنە قوغلاشقا باشلىدى...
بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ مېنى قۇتقۇزۇشىنى، قۇتقۇزالمايمەن دېسە، قەسەم قىلىپ بېرىشىنى ئۆتۈندۈم. بوۋاي مېنىڭ ھالىمغا قاراپ يىغلاپ كېتىپ مۇنداق دېدى:
ــ ئاۋۇ تاغ تەرەپكە بېرىپ باققىن! بەلكىم قۇتۇلۇپ قالارسەن!
شۇنداق قىلىپ تاغ تەرەپكە يۈگۈردۈم، ئەجدەرھا توختىماي



قوغلاۋاتاتتى... ئاخىر ھېلىقى تاغقا كېلىپ قارىسام، بىر توپ كىچىك باللار تۇرغۇدەك. ئۇلار مېنى كۆرۈپلا:
ــ ھەي پاتىمە! داداڭنى قۇتقۇزۇۋال! دەپ ۋارقىراۋاتقۇدەكمىش.
قىزىم مېنى بۇ پالاكەتتىن قۇتقۇزغىلى كەلگۈدەك، ئەجدەرھانى سول قولى بىلەن ئىتتىرىۋېتىپ، مېنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتۇۋالغۇدەك. ئاندىن قۇچىقىمدا خۇددى ھايات چېغىدا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇپ،

مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇغۇدەكمىش:

﴿مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە ئېرىيدىغان ۋاقىت كەلمىدىمۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردەك) بولمىسۇن. ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى زاماننىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر. بىلىڭلاركى، ئاللاھ زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ (يەنى قاقاس، قۇرغاق زېمىننى يامغۇر بىلەن كۆكەرتىدۇ). بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، سىلەرگە كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى بايان قىلدۇق﴾[22].

شۇئان قىزىمدىن:

ـ قېنى ئېيتقىنە، قىزىم! بۇ نېمانداق قورقۇنچلۇق ئەجدەرھا؟

ـ دەپ سورىدىم.

ـ ئۇ سىزنىڭ يامان ئەمەلىڭىز، سىزنىڭ گۇناھلىرىڭىز. سىز ئۇنى شۇنداق چوڭ قىلىۋەتتىڭىزكى، ئۇ سىزنى يۇتۇۋەتكۈدەك دەرىجىدە مۇشۇنداق زورايدى. سىزگە ياردەم بەرگۈسى بولسىمۇ، كۈچى يەتمىگەن ئاجىز بوۋاي سىزنىڭ سالىھ ئەمەللىرىڭىز. سىز ئۇنى ھايات ۋاقتىڭىزدا ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدىڭىز. شۇڭا ئۇ سىزنى قۇتقۇزالماي، ھالىڭىزغا ئېچىنىپ يىغلاپ كەتتى. ئەگەر سىز مېنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشىمگە سەۋەبچى بولمىغان ۋە مەن كىچىكىمدىلا ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسام، سىزنى بۇ يەردە ھېچنېمە قۇتقۇزالمايتتى، ـ دېدى قىزىم قۇچىقىمدا ئولتۇرۇپ.

شۇ ھامان ئۇيقۇمدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ۋارقىراپ تاشلىدىم:

ـ ئەي رەببىم! تەۋبە زامانىم كەلدى! تەۋبە زامانىم كەلدى!

22) ھەدىد سۈرىسى، 15-17 - ئايەت.

شۇ ھامان غۇسلى قىلىپ، ئاللاھقا تەۋبە قىلىش ئۈچۈن بامدات نامىزىغا مەسچىتكە چىقتىم.

غەلىتە ئىش. مەسچىتكە كەلسەم، ئىمام چۈشۈمدە قىزىم ئوقۇغان



ئايەتنىڭ ئۆزىنى ئوقۇۋاتقان ئىكەن.

مانا بۇ كىشى ئەينى چاغدىكى زاھىتلىق پېشۋالىرىنىڭ بىرى بولغان، دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغىتىگە بېرىلمىگەن، ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىي، نەسائىي، ئىبنى ماجە ۋە ئىمام بۇخارىي قاتارلىق ھەدىسشۇناسلار بىرمۇنچە ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان، ئابىد، زاھىت، «تەقۋادارلىق ئابىدىسى» دېگەن ناملار بىلەن ئىسلام دۇنياسىغا نامى پۇر كەتكەن مالىك ئىبنى دىناردۇر.

سىزنىڭ تەۋبە زامانىڭىز قاچان كېلەر؟ قاچانمۇ گۇناھلىرىڭىزنى تاشلاپ، ئاللاھقا يېقىنلىشارسىز؟ ـ ھە!

# ئۇنتۇلماس دەرس

مەلۇم بىر خۇسۇسىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋېدىغان بىر قىز بولۇپ، بىر كۈنى ئۆيىگە ناھايىتى غەمكىن ھالدا قايتىپ كېلىدۇ. ئانىسى ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنچىۋالا قايغۇرىدىغانلىقىنى سورىغاندا، قىز مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

ـ ئانا! دائىم بېشىم ئاغرىيدۇ دەپ يۈرىدىغان ھەم ئورۇنسىز ئاچچىقلىنىدىغان ھېلىقى ئايال مۇئەللىم بارغۇ! شۇ مۇئەللىم ماڭا:



ـ ئەتىدىن باشلاپ مەكتەپكە ئۇزۇن كىيىم، ياغلىق بىلەن كەلسەڭ، مەكتەپتىن قوغلىۋېتىمەن! مەن بۇنداق كىيىملەرنى ياقتۇرمايمەن! ـ دەپ تەھدىت سالدى.

بۇنى ئاڭلىغان ئانا قىزىغا تەسەللى بېرىپ:

ـ قىزىم! بۇ ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان كىيىم. مۇئەللىم ياقتۇرمىغان بىلەن ئاللاھ ياقتۇرىدۇ. سىز كىمگە ئىتائەت قىلىسىز؟ سىزنى چىرايلىق ياراتقان، چەكسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان زاتقا ئىتائەت قىلامسىز ياكى ئۆزىڭىزگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ بەندىسى بولغان مۇئەللىمگە ئىتائەت قىلامسىز؟ ـ دەپ سورايدۇ. ئەقىللىق قىز:

ـ ئەلۋەتتە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىمەن، ئانا! ـ دەيدۇ.

ئەتىسى قىز ئادىتى بويىچە ئۇزۇن كىيىمنى كىيىپ، بېشىغا

ياغلىق ئارتىپ مەكتەپكە باردۇ. قىزنى كۆرگەن مۇئەللىم ئۇنىڭغا ساۋاقداشلىرى ئىچىدىلا تاپا ـ تەنە قىلىشقا باشلايدۇ. قىز ساۋاقداشلىرى ئالدىدا ئىزا تارتقىنىچە يىغلاپ تاشلايدۇ ۋە مۇئەللىمگە قىسقا، ئەمما چوڭقۇر مەنىلىك مۇنۇ سۆزنى قىلىدۇ:

ـ راستىنى دېسەم، مەن كىمگە ئىتائەت قىلىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن، سىزگىمۇ يا ئاللاھقىمۇ؟ سىزگە ئىتائەت قىلسام، بېشىمنى ئوچۇق قويۇپ، قىسقا، ئوچۇق كىيىملەرنى كىيسەم بولىدىكەن. ئاللاھقا ئىتائەت قىلسام، ياغلىق ئارتىپ، ئۇزۇن كىيىملەرنى كىيىپ شەرمى



ـ ھايالىق يۈرسەم بولىدۇ. شۇڭا مەن سىزگە بويسۇنماي، ئاللاھقا بويسۇنىمەن.

رەببىم ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا چاقىرسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ (يەنى كىشىنىڭ دىلىنى ئىگىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆز خاھىشى بويىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ)، قىيامەت

كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر﴾[23].

شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، مەن نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىمەن. مەكتەپتىن قوغلىۋەتسىڭىزمۇ مەيلى. ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن مەندىن سىزگە نەسىھەت بولۇپ قالسۇنكى، سىزمۇ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رازى قىلىش ئۈچۈن بېشىڭىزغا ياغلىق، ئۈستىڭىزگە ئۇزۇن كىيىم كىيىۋېلىڭ!

پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: «ئاراڭلاردىن كىمكى يامان ئىشنى كۆرسە قولى بىلەن تۈزەتسۇن، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە، تىلى بىلەن تۈزەتسۇن، ئۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىسە، دىلىدا نارازى بولسۇن. مانا بۇ ئەڭ ئاجىز ئىماندۇر».



قىزنىڭ ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە بۇنچىۋالا چىڭ ئېسىلىدىغانلىقىنى كۆرگەن مۇئەللىم ئۇنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەيرانلىقتىن لام - جىم دېمەي سۈكۈتكە چۆمدى.

بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن مۇئەللىم قىزغا ئەتىسى ئەتىگەندە ئانىسى بىلەن بىرگە كېلىشنى ئېيتتى. ئانا مۇئەللىمگە بۇ ھەقتە ئوبدان بىر دەرس بېرىپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، مەكتەپكە كەلدى - يۇ، مۇئەللىمنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

23) ئەنفال سۈرىسى، 24 - ئايەت.

مۇئەللىم ئۇ كۈنى باشقىچە بولۇپ كەتكەن ئىدى.

ئۇزۇن كېيىنكەن، چىرايلىق ياغلىق ئارتىۋالغان مۇئەللىم قىزنىڭ ئانىسىنى كۆرۈپ مۇنداق دەيدۇ:



- سىزگە كۆپ رەھمەت! قىزىڭىزنى ناھايىتى ياخشى تەربىيەلەپسىز. ئۇ ماڭا ھاياتىمدىكى ئەڭ قىممەتلىك دەرسنى بەردى. مەن ئۇزۇن يىل ئوقۇغان ۋە باللارغا تەلىم - تەربىيە بېرىدىغان مۇئەللىم تۇرۇپ، بۇنداق گۈزەل نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. سىزنى تەبرىكلەيمەن. قىزىڭىز ماڭا ھەقىقەتەن چوڭقۇر تەسىر قىلدى. مەن تۈنۈگۈن مەكتەپتىن قايتىپلا جايناماز غا چىقىپ يىغلىدىم، ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ، گۇناھلىرىمنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى تىلىدىم.

مۇئەللىم شۇ كۈندىن باشلاپ ئىسلامچە كىيىنىپ، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇپ، ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى چىڭ تۇتىدۇ. ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن ئۇنىڭ باش ئاغرىق كېسەللىمۇ تامامەن ساقىيىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بىرقانچە يىگىت ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئەلچى كىرگۈزىدۇ. مۇئەللىم ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ناھايىتى ياخشى بىرى بىلەن توي قىلىدۇ.



مۇئەللىم ھەر دائىم ئاشۇ قىز بىلەن پاراڭلىشىپ قالسىلا مۇنداق دەيتتى:

ــ سىز نېمىدېگەن ياخشى ھە! مەندە ئىنتايىن چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدىڭىز. مەن ئاللاھنىڭ ياردىمى، ئاندىن قالسا سىز سەۋەبلىك ئىسلامي ھاياتقا قايتىپ كەلدىم.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر بىز ئۇلارغا ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار دەپ ئەمر قىلغان بولساق (يەنى ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگەندەك ئېغىر تەكلىپنى ئۇلارغا يۈكلىسەك) ئىدۇق، ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى، ئەگەر ئۇلار قىلىنغان ۋەز ــ نەسىھەتكە ئەمەل قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ياخشى بولاتتى ۋە ئىمانى مۇستەھكەم بولاتتى (گۇمراھلىق ۋە نىفاقتىن ئەڭ يىراق بولاتتى). ئۇ چاغدا دەرگاھىمىزدىن ئۇلارغا ئەلۋەتتە بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلاتتۇق، ئۇلارنى ئەلۋەتتە توغرا يولغا ھىدايەت قىلاتتۇق. كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر) شېھىتلار ۋە سالىھلار بىلەن بىللە بولىدۇ. ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار ھە! بۇ پەزل ئاللاھنىڭ تەرىپىدىندۇر. ئاللاھ (پەزل ــ ئېھسانىغا تېگىشلىك بولغانلارنى) بىلىشتە يېتەرلىكتۇر﴾[24].

24) نىسا سۈرىسى، 66-70 – ئايەت.

# ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلار

يولدىشى ۋە باللىرى بىلەن راھەت ـ پاراغەتتە ياشايدىغان بىر ئايال خوجايىن بار ئىدى. ئۇ باللىق بولغاندىن بېرى بىرقانچە بالا باققۇچى ئالماشتۇرۇپ بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭ يولدىشى بەكلا زالىم ئىدى.



بىر كۈنى يولدىشى سەھرادىكى دېھقان تونۇشلىرىدىن بىرىنىڭ كىچىك بىر قىزىنى ئايدا 300 جۈنەيھ ئىش ھەققى بەدىلىگە بالا باققۇچىلىققا ئالدى. دېھقان دادا پېشىگە چىڭ ئېسىلىۋالغان قىزىنى كۆزى قىيمىغان ھالدا، يىغلىغان پېتى قالدۇرۇپ كەتتى. چۈنكى، تۇرمۇش ئۇنى شۇنىڭغا قىستىغان ئىدى.



قىز سەھەر ئويغىنىپ، ئايال خوجايىنغا ياردەملىشىپ تاماق تەييارلايتتى،

تاماقتىن كېيىن خوجايىنىنىڭ ئىككى بالىسىنىڭ سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ مەكتەپكە ئاپىراتتى، قايتىپ كېلىپ ئۆيلەرنى تازىلايتتى، ئىشىك - دېرىزىلەرنى، پوللارنى سۈرتەتتى، كىر - قاتلارنى يۇياتتى، كۆكتات سېتىۋالاتتى، بەزىدە تۈن نىسپىگىچە ئەنە شۇنداق ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتى.



ناۋادا قىزدىن بىرەر خاتالىق سادىر بولسا ياكى بىرەر ئىشنى ئۇنتۇپ قالسا ياكى تەلەپ قىلغان ئىشنى ۋاقتىدا تۈگىتىپ بولالمىسا، ئەر خوجايىندىن كۆرىدىغان كۈنى بار ئىدى، قاتتىق تاياق يەيتتى.




شۇنداقتىمۇ بىچارە قىز يەنىلا بەرداشلىق بېرەتتى، خوجايىنلىرى ئۈچۈن شۇنچىلىك ئامانەتچانلىق، چىۋەرلىك ۋە ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلەيتتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قىيامەت كۈنى بىز ئەمەللەر تارتىلىدىغان كۈندە ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچكىمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقىنى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ. ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمىلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز.

بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز﴾[25].

يىللار بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى...

بىر كۈنى قىزنىڭ قولىدىن چىنە ـ تەخسىلەرنىڭ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقى ۋە يول مېڭىشتا ئازراق قىينىلىۋاتقانلىقى ئايال خوجايىنىنىڭ دىققىتىنى تارتتى ـ دە، دەرھال دوختۇرغا كۆرسەتتى.



دوختۇر قىزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈپ قالغانلىقىنى، ئالدىدىكى نەرسىنىمۇ كۆرەلمەس بولۇپ، كۆزلىرى تۇتۇلۇپ قالغىلى ئاز قالغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنداقتىمۇ ئەر خوجايىن ئۇنىڭغا قىلچە ئىچ ئاغرىتمايتتى، ناھايىتى شەپقەتسىزلەرچە مۇئامىلە قىلاتتى.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتمەكتە ئىدى...

بىر كۈنى قىز تۇيۇقسىز ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. ئايال خوجايىن بىلەن يولدىشى ئۇنى ئىزدەپمۇ قويمىدى.

شۇ تەرىقىدە بىر قانچە يىل ئۆتۈپ كەتتى...

25) ئەنبىيا سۈرىسى، 47 - ئايەت.

ئەر خوجايىن خىزمەتتىن دەم ئېلىشقا چىقتى، ئەمەل - مەنسەپ، يۈز - ئابرۇيىدىن ئايرىلدى، ئوغلىمۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىقتى ھەم تويىنىمۇ قىلىۋالدى، ئاتا - ئانا ئوغلىنىڭ ئۆيلىنىۋالغانلىقىدىن تولىمۇ سۆيۈندى. ئايلار ئۆتۈپ كېلىنىنىڭ ھامىلىدار ئىكەنلىكىنى ئۇققاندا ھەممەيلەننىڭ بېشى كۆككە يەتتى. ۋاقتى - سائىتى توشۇپ كېلىن بىر ئوغۇل تۇغدى. ئەپسۇس، بوۋاق كور ئىدى. بۇ ئىش ھەممەيلەنگە تولىمۇ ئېغىر كەلدى. ئۇلار بوۋاقنى كۆرسەتمىگەن دوختۇر قالمىدى، بىراق ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. دوختۇرلار ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىپ كېلىنىنىڭ يەنە ھامىلىدار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.





ئىككىنچى بالا تۇغۇلۇپ يەتتە ئايدىن كېيىن ئۇلار بالىنىڭ پەقەت بىر تەرەپكىلا تىكىلىپ قاراپ، باشقا يەرگە قارىيالمايدىغانلىقىنى بىلدى. ئەر خوجايىننىڭ كۈندىن - كۈنگە پىسخىكىسى بۇزۇلۇپ، ئىچى تىتىلدايدىغان بولۇپ قالدى. كۈنلىرى ئازاب ئىچىدە ئۆتۈشكە

باشلىدى، ئۇ ھەممە نەرسىدىن نەپرەتلىنەتتى. ئاخىر نېرۋىسىدىن چاتاق چىقىپ، ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا كىرىپ قالدى. ئايال خوجايىننىڭ ئۆيدىن چىققۇسى كەلمەيتتى، داۋاملىق قايغۇرۇپ، غەمكىن ئولتۇراتتى.



شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ھېلىقى قىزنى ئىسىگە ئېلىپ، ئۆز - ئۆزىدىن سوراشقا باشلىدى:

- بىزگە نېمىشقا بۇنچىۋالا پېشكەللىك كېلىدۇ؟ ئەجەبا، بۇ ئاشۇ قىزغا قىلغان ئۇۋالچىلىقلىرىمىز تۈپەيلى ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن جازاسىمىدۇ؟!

ئايال خوجايىن مۇشۇلارنى ئويلاپ شۇ قىزنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشقا باشلىدى. بىر مەزگىل سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن ئاخىر ئۇنىڭ مەلۇم بىر مەسچىتتە خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئۇقتى. ئاندىن ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ، كېيىنكى كۈنلەرنى بىرگە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆيىگە قايتۇرۇپ كەلدى. قىز يولدا تەمتىرەپ ماڭالمىغاندا، ئايال خوجايىن ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ماڭاتتى. شۇنداق قىلىپ قىز ئايال خوجايىن بىلەن بىرگە ياشاشقا باشلىدى.



مانا ئەمدى ئايال خوجايىن بۇ قىزنى ئىككى ئەما نەۋرىسىگە قوشۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى



ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىش ئىدى. ئۇ ھەر دائىم شەپقەتسىز، باغرى تاش كىشىلەرگە مۇنداق دەيتتى:

«ھەقىقەتەن ئاللاھ ھاياتتۇر، ئۆلۈپ قالمايدۇ. شۇڭا ھېچكىمگە رەھىمسىزلىك قىلماڭلار. شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، ئۇ كۈن كەلگەندە سىلەر ئىلگىرى كۈچ - قۇۋۋىتىڭلارغا ۋە يۈز - ئابرۇيىڭلارغا ئىشىنىپ قىلغان زورلۇق - زومبۇرلۇقۇڭلارغا چوقۇم پۇشايمان قىلىسىلەر!».

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەتە يەنى قىيامەت كۈنى ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەردىن نېمىلەرنى قىلغانلىقىغا قارىسۇن. ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلىۋاتقان ھەممە ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر، سىلەر ئاللاھنى ئۇنتۇغان شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار. ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر، ئەھلى دوزاخ بىلەن ئەھلى جەننەت قىيامەت كۈنى باراۋەر بولمايدۇ﴾[26].

26) ھەشر سۈرىسى، 18-20 - ئايەت.

# ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ چۈشى

مەشھۇر ئىسلام ئالىمى، مۇھەددىس ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ناھايىتى سالىھ كىشى ئىدى. ئۇ بىر يىلى ھەج قىلماقچى بولۇپ، دوست - يارەنلىرى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىدۇ. يولدا كېتىۋېتىپ مۇنداق بىر ئىشنى كۆرۈپ پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىدۇ:



بىر ئايال تۈن قاراڭغۇسىدا بىر دۆۋە ئەخلەت ئارىسىدىن بىر نەرسە ئىزدەۋاتاتتى، بىر دەمدىن كېيىن بىر ئۆلۈك توخۇنى تاپتى - دە، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ قولتۇقىغا قىستۇردى. بىرى كۆرۈپ قالمىسۇن دېگەندەك، ئېھتىيات بىلەن ماڭاتتى. بۇنى كۆرگەن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ئۇنىڭغا:

ـ ئەي ئاللاھنىڭ بەندىسى! نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ ـ دەپ سورايدۇ. ئايال خىجىللىق بىلەن:

ـ بولدى سورىماڭ، مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن! ـ دەيدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ كۆڭلى بىر ئىشنى سەزگەندەك قىلاتتى.

ـ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ماڭا بۇ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قويىسىز، بولمىسا مەن بۇ يەردىن كەتمەيمەن، ـ دەپ چىڭ تۇرۇۋالىدۇ.

ـ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇۋالدىڭىز، بوپتۇ دەپ بېرەي،

ــ دېدى ئايال يىغلاپ تۇرۇپ، ــ ئاللاھ بىزنىڭ ئۆزىچە ئۆلۈپ قالغان ھايۋانىنىڭ گۆشىنى يېيىشىمىزگە رۇخسەت قىلغان، چۈنكى مەن يولدىشىمدىن تۆت قىزىم بىلەن تۇل قالغان ئايالمەن. قىيىنچىلىقىم ئېغىر، پۇلۇم يوق، باشقىلاردىن ياردەم سوراپ باقتىم. ئەمما



ماڭا ئىچ ئاغرىتىدىغان ھېچكىم چىقمىدى. قىزلىرىم ئاچلىقتىن يىغلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ كەچتە رىزىق ئىزدەپ چىققان ئىدىم. ئاللاھ بالىلىرىمغا بۇ ئۆلۈك توخۇنى رىزىق قىلغان ئوخشايدۇ. مۇشۇنىمۇ ئاران تەستە تاپتىم.

تەقۋادار، سالىھ، ئالىم كىشى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك مەزكۇر ئايالنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۇ شۇ تاپتا مۇسۇلمان بىر ئايالنىڭ تۆت بالىسى بىلەن ئەخلەت دۆۋىسىدىن چىققان ئۆلۈك توخۇنى يېيىشكە چىداپ تۇرالمايۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن:



ــ بۇ ئامانەتنى ئېلىڭ! ــ دەپلا ھەج ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان بىر ھەميان پۇلنىڭ ھەممىنى ئايالغا بېرىۋېتىدۇ. ئايال تەمتىرىگىنىچە پۇلنى قولىغا ئېلىپ قىزلىرىنىڭ يېنىغا قايتىدۇ ۋە ھەممىسى ناھايىتى خۇشال بولۇشىدۇ. ئەمدى

ئۇلارنىڭ تۇرمۇش غېمى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكمۇ ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان بۇ سەدىقىسىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولغان ھالدا ئۆيىگە قايتىدۇ.



بۇ چاغدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كىشىلەر ھەج قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقماقتا ئىدى. ئۇلار ئاخىر ھەجنى تۈگىتىپ يۇرتىغا قايتىشىدۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك بىر چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىر ئادەم ئۇنىڭغا سالام بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

ـ مېنى تونۇمسىز؟ مەن كىم؟ مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولىمەن، سىزنىڭ دۇنيادىكى دوستىڭىز، ئاخىرەتتىكى شاپائەتچىڭىز بولىمەن. سىزگە ئاللاھ كۆپتىن ـ كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن! يېتىملارنىڭ ئانىسىغا ئىكرام قىلغىنىڭىزدەك، ئاللاھ سىزگىمۇ ئىكرام قىلسۇن! يېتىملارنىڭ دەردىگە دەرمان بولغىنىڭىزدەك، ئاللاھ سىزنىڭمۇ دەردىڭىزگە دەرمان بولسۇن! گۇناھلىرىڭىزنى ئەپۇ قىلسۇن!



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگىنىچە غايىب بولىدۇ.

HAKSEVER

ھەر يىلى نەچچە مىليونلىغان مۇسۇلمانلار ھەج قىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى نەپلە ھەج قىلىدىغانلاردۇر. ھەج ئايلىرىدىن باشقا ۋاقىتلاردا ھەر يىلى ئۆمرە قىلىدىغانلارنىڭ سانىمۇ نەچچە ئون مىليونغا يېتىدۇ.



تەكرار ھەج قىلىش ئالىملارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن نەپلە ئەمەل بولۇپ، پەرز ئەمەلدىن ھەرگىز ئۈستۈن تۇرمايدۇ.

ئەي تەكرار - تەكرار ھەج قىلىش بىلەن پەخىرلىنىدىغان مۇسۇلمانلار! ئاجىز - بىچارە، پېقىر - كەمبەغەل مۇسۇلمانلارنى يوقلاڭلار! شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿پۇل مېلىنى (ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىقلىغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز. بېخىللىق قىلىپ (ئاللاھنىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنى يامان يولغا قويۇپ بېرىمىز. ئۇ (دوزاخقا) تاشلانغان چاغدا، ئۇنىڭ پۇل - مېلى ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ، توغرا يولنى كۆرسىتىشكە شەك - شۈبھىسىز بىز مەسئۇلمىز. دۇنيا ۋە ئاخىرەت شەك - شۈبھىسىز بىزنىڭ ئىلكىمىزدىدۇر. سىلەرنى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتىن ئاگاھلاندۇردۇم، ئۇنىڭغا پەقەت (ھەقنى) ئىنكار قىلغان، (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەن ئادەملەر كىرىدۇ، پاكلىنىش

ئۈچۈن مال ـ مۈلكىنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلغان ئادەم ئۇنىڭدىن (يەنى ئوتتىن) يىراق قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇ (يەنى ئېھسان قىلغۇچى ئادەم) پەرۋەردىگارىنىڭ بەرگەن مۇكاپاتىدىن چوقۇم رازى بولىدۇ﴾[27].

27) لەيل سۈرىسى، 5 -21 - ئايەت.

# نىمە تېرىساڭ، شۇنى ئورايسەن

بىر ئانا ئادىتى بويىچە ئوغۇللىرىنىڭ دەرس ئۆگىنىشىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن ئولتۇردى. چوڭلىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن، تۆت ياشلىق كىچىك ئوغلىنىڭ قولىغا بىر رەسىم دەپتىرى تۇتقۇزۇپ قويدى. شۇ ئەسنادا ئانا ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئۆزلىرى ئولتۇرىدىغان ھەشەمەتلىك ئۆيدىن ئايرىپ سېلىنغان بىر ئېغىز ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇۋاتقان ياشانغان قېيىنئاتىسىنىڭ كەچلىك تامىقىنى تەييارلاپ بەرمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. بىچارە بوۋاي كېسەلچان بولغاچقا، ھۇجرىسىدىن چىقالمايتتى.





ئانا دەرھال قېيىنئاتىسىنىڭ تامىقىنى تەييارلاپ كېلىپ، بىرەر ھاجىتى بار - يوقلۇقىنى سوراپ قويۇپلا ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

ئانا باللىرىنىڭ يېنىغا كىرگەنىدە، كىچىك ئوغلىنىڭ ئۆيگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىرقانچە تۆت بۇلۇڭ شەكىللەرنى سىزغانلىقىنى

كۆردى. ئانا قىزىقىپ سورىدى:

ـ سۆيۈملۈك ئوغلۇم! نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

ـ مەن چوڭ بولۇپ، تويى قىلغان ۋاقتىمدا ئولتۇرىدىغان ئۆيىمىزنى سىزىدىم، مانا قاراڭە ئانا!

ئوغۇل ئوماق كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ شۇنچىلىك سەبىيلىك



بىلەن جاۋاب بەرگەن ئىدى.

ئانا كىچىككىنە ئوغلىنىڭ بەرگەن جاۋابىدىن سۆيۈنۈپ يەنە سوراشقا باشلىدى:

ـ ئۇنداقتا، سەن نەدە ئۇخلايسەن، ئوغلۇم؟

ئوغۇل ئانىسىغا ئۆيلەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىشكە باشلىدى:

ـ بۇ ياتاق ئۆي، بۇ ئاشخانا، بۇ مېھمانخانا...

ئوغۇل رەسىمدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىنى بىر قاتار تونۇشتۇردى

ـ يۇ، ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا مۆكچىيىپ تۇرغان غېرىبانە ئۆي ھەققىدە ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ كۆڭلىدە ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ ھەممىنى تونۇشتۇرۇپ بولدۇم، دەپ ئويلايتتى.

ئانا:

ـ ئوغلۇم! بۇ ئۆينى نېمىشقا باشقا ئۆيلەردىن يىراق بىر بۇلۇڭغا

HAKSEVER

ئايرىم سىزىپ قويدۇڭ؟ ـ دەپ سورىدى ھەيران قالغان قىياپەتتە.
ـ ئانا! بۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىز. ياشىنىپ قالغاندا سىزنى مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇپ قويىمەن، سىزمۇ بوۋامغا ئوخشاش مۇشۇ ئۆيدە ياشايسىز. ياشىنىپ قالغانلار شۇنداق ياشايدىكەنغۇ!؟ شۇنداقمۇ ئانا؟ ـ دېدى ئوغۇل جاۋابەن.



بالىنىڭ سەبىيلەرچە بەرگەن جاۋابى ئانىغا گۈلدۈرمامىدەكلا تۇيۇلدى ـ دە:
ـ ئاھ خۇدا! مەن قىرىپ، پۈت ـ قولۇمدا ماغدۇر قالمىغاندا باللىرىم بىلەن مۆكۈدىشىپ، ئۇلارنىڭ تاتلىق گەپ ـ سۆزلىرى، يېقىملىق قىلىقلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ، زېرىكمەي ياشىيالمىغۇدەكمەن. باللىرىمنىڭ ئۆيىنىڭ سىرتىدا، ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى غېرىبانە بىر ھۇجرىدا يالغۇز قالارمەنمۇ؟ ئاھ خۇدا! ـ دېگەنلەر ئانىنىڭ خىيالىدىن چاقماق تېزلىكىدە كەچتى.
ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، پايدىسى ئۆزىگىدۇر، يامان ئىش قىلىدىكەن، زەرىرىمۇ ئۆزىگىدۇر. پەرۋەردىگارىڭ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر﴾[28].
ئانا بىردىنلا خىيالغا پاتتى:
ـ ئاھ خۇدا! مەن باللىرىمنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالماي، تۆت تامنىڭ ئىچىدە يالغۇز ياشارمەنمۇ؟

28) فۇسسىلەت سۈرىسى، 45 – ئايەت.

ئانا دەرھال خىزمەتچىلەرنى چاقىرىپ، مېھمانخانا ئۆيدىكى مېھمانلىق جابدۇق ۋە لازىمەتلىكلەرنى قېيىنئاتىسى تۇرۇۋاتقان يالغۇز ئۆيگە يۆتكىۋېتىپ، قېيىنئاتىسىنىڭ كارۋىتىنى مېھمانخانا ئۆيگە جايلاشتۇردى. مېھمانخانا ئۆي باشقا ئۆيلەردىنمۇ ياسىداق ئىدى.



ئەر ئىشتىن قايتىپ كېلىپ كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى ۋە:

— خانىم! بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى ھەيرانلىق بىلەن.

ئايالى ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ:

— ئاللاھ ئۆمۈر بېرىپ ئۇزۇنراق ياشاپ قالساق، پۇت - قولىمىز ھەرىكەتتىن قالغاندا ئىككىمىز بىرگە ياشايدىغان ئۆينى تاللاپ شۇنداق قىلدىم، دادىسى! مېھمانلارنى ھويلىدىكى ئۆيدە ئۇزاتساقمۇ بولغۇدەك، — دېدى كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپ تۇرۇپ.



ئەر ئايالىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى - دە، بۇنىڭ ئۈچۈن ئايالىدىن سۆيۈنۈپ ماختاپلا كەتتى.

بۇ چاغدا ئەرنىڭ دادىسى ئۇلارغا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ تەبەسسۇم قىلىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن ئەقىللىق نەۋرە ئوغۇل دەرھال رەسىمدىكى يالغۇز ئۆينى ئۆچۈرۈۋەتتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئانىسى ئۇنى قورسىقىدا ئۈستى ـ ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى، ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكرى قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر﴾[29].

29) لوقمان سۈرىسى، 14- ئايەت.

# ياخشىلىق يەردە قالماس

مەلۇم بىر يېزىدا ناھايىتى جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بىر دېھقان بار ئىدى. كۈنلىرى ئېتىز - ئېرىقلاردا ئىشلەش بىلەنلا ئۆتەتتى. ئارام ئالىدىغان بىرەر كۈنىمۇ يوق ئىدى. ئاغرىپ قالغان كۈنلەردە يېگۈدەك نەرسىمۇ تاپالمايتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ شۇ تۇرمۇشىغا قانائەت قىلىپ، ھېچكىمگە دەرد تۆكمەيتتى، تۇرمۇشىدىن زارلانمايتتى.



ئۇنىڭ پەقەت بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئوغلىنىڭ ئىستىقبالىدىن تولىمۇ ئەنسىرەيتتى.

- مەنغۇ شۇنچىۋالا جاپاغا بەرداشلىق بېرىپ كەلدىم. لېكىن بۇ يۇمران ئوغلۇم پۇلدىن باشقىنى تونۇمايدىغان بۇ دۇنيادا قانداقمۇ ياشار؟ ئوغلۇم جاپا تارتىپ قالمىسىلا بولاتتىغۇ، - دەيتتى كۆڭلىدە.



بىر كۈنى دېھقان ئېتىز - ئېرىقلارنى ئايلىنىۋېتىپ توختىماي قاۋاۋاتقان ئىتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى - دە، ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر كىچىك بالا مەينەت بىر كۆلگە

HAKSEVER
ھەقسۆيەر

چۆشۈپ كېتىپ، قولىنى پۇلاڭلاتقىنىچە: «قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!» دەپ ۋارقىراۋاتقان ئىكەن.



بالا ناھايىتى قورقۇپ كەتكەن ئىدى. دېھقان ھېچ ئىككىلەنمەيلا كىيىم - كېچەكلىرى بىلەن سۇغا سەكرەپ، بالىنى كۆلدىن چىقىرىۋالدى.

ئۇ بۆگۈن بىر جاننى قۇتقۇزۇۋالغانلىقى ئۈچۈن تولىمۇ خۇشال ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ناھايىتى زەردار قىياپەتلىك بىر ئادەم كىچىك بىر بالىنى يېتىلەپ دېھقانىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. دېھقان بالىغا قاراپ، ئۇنىڭ تۈنۈگۈن سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بالا ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ كىشىنىڭ بالىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى.

مەزكۇر كىشى دېھقانغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:



- مەن ئۆمۈر بويى سىزگە ياخشىلىق قىلساممۇ، سىزنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى قايتۇرۇپ بولالمايمەن. سىز مېنىڭ ئوغلۇمنى قۇتقۇزۇۋاپسىز. مەن سىزگە بىر ئۆمۈر قەرزدارمەن. شۇڭا مەندىن پۇل - مال، ئۈنچە - مەرۋايىت ياكى باشقا ئۆزىڭىز خالىغان نەرسىنى سوراڭ، سىزنى رازى قىلاي! - دېدى.

ـ مەن پەقەت ئىنسانلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم. مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا بىرى بولسىمۇ، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلاتتى. سىزنىڭ ئوغلىڭىز مېنىڭ ئوغلۇمغا ئوخشاش، ـ دېدى نامرات دېھقان سەممىيلىك بىلەن. بۇنى ئاڭلىغان باي:

ـ بوپتۇ ئەمسە. سىز مېنىڭ ئوغلۇمنى ئۆز ئوغلىڭىزدەك



كۆرگەن ئىكەنسىز، مەنمۇ سىزنىڭ ئوغلىڭىزنى ئۆز ئوغلۇمدەك كۆرىمەن. ئوغلىڭىزنى مەن ئېلىپ كېتىپ، ياخشى ئوقۇتاي. كەلگۈسىدە ئائىلە ۋە دۆلەت ئۈچۈن ياراملىق ئادەم بولسۇن! ـ دېدى.

دادا خۇشاللىقتىن ئاسمانغا ئۇچۇپ كېتەيلا دەپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ قۇلاقلىرىغا ئىشىنەلمەيۋاتاتتى. ئوغلىنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، دېھقاننىڭ ئوغلى شەھەردىكى ئەڭ ئىلغار مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.



يىللار ئۆتۈپ، ئوغۇل ئوقۇش پۈتتۈرۈپ داڭلىق بىر دوختۇرغا ئايلاندى . . .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى باي ئىنتايىن خەتەرلىك بىر كېسەلگە

گىرىپتار بولدى. دېھقاننىڭ دوختۇر ئوغلى ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن ئۇنى داۋالاپ ساقايتتى.



- ئۆز ۋاقتىدا بۇ بالىنىڭ دادىسى ئوغلۇمنى قۇتقۇزۇۋالغان ئىدى، مانا ئەمدى بۇ بالا مېنى قۇتقۇزۇۋالدى... باي شۇلارنى ئويلاپ تولىمۇ مەمنۇن بولدى ۋە پۈتۈن مال - مۈلكىنىڭ يېرىمىنى ھاياتىنى قۇتقۇزۇۋالغان دوختۇر يىگىتكە بەرمەكچى بولدى. بىراق دوختۇر يىگىت بۇنى رەت قىلىپ مۇنداق دېدى: دادام ماڭا نەسىھەت قىلىپ:

- ئوغلۇم! بىرەر كىشىگە ياخشىلىق قىلساڭ، ھەرگىز ياخشىلىقىڭنىڭ مۇكاپاتىنى كۈتمە! ساڭا يېگانە ئاللاھنىڭ ساۋابى يېتەرلىك. شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، ياخشىلىق يەردە قالماس، - دەيتتى. شۇڭا مەن بۇنى قوبۇل قىلالمايمەن دېدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب تۈگىمەستۇر. سەۋر قىلغۇچىلارغا ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەلدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز. ئەر - ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا ئەلۋەتتە قىلغان ئەمەلدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾[30].

30) نەھل سۈرىسى، 96- ئايەت.

# ئاناڭغا ياخشىلىق قىلغىنىڭ ئۆزۈڭگە ياخشىلىق قىلغىنىڭدۇر

ئانىسى بىلەن بىرگە ياشايدىغان بىر يىگىت بار ئىدى. دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ يىگىتنىڭ ئانىسى بارچە ئاماللارنى قىلىپ ئوغلىنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى ھەل قىلىپ، ئوغلىنى ياخشى ئوقۇتۇشقا بەل باغلىدى. ئانا ئۆزى ئىشلەپ، ئوغلىنىڭ ئوقۇش چىقىملىرىنى ھەل قىلاتتى - يۇ، ئوغلىنى ياخشى ئوقۇۋالسۇن دەپ ئىشلىگىلى قويمايتتى. ئەپسۇسكى، يىگىت ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغاندا ئانىسى ۋاپات تاپتى. يالغۇز ئانىسىدىن ئايرىلغان يىگىت تولىمۇ قايغۇردى، كۆپ يىغلىدى.





خىزمەتكە چىققاندا، ئايلىق مائاشىنىڭ مەلۇم قىسمىنى پېقىر - موھتاجلارغا بېرىشكە ئاللاھ ئۈچۈن ئەھدە قىلدى. ئۇ بۇ ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى ئانىسىغا ئاتاشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى. ھەر قېتىم سەجدە قىلغاندا، ئانىسى ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا، ئانىسى ھەققىدە سەدىقە

قىلىشقا، مەسچىت بىنا قىلىشقا ۋە ئۇسسىغانلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى



قانـدۇرۇش ئۈچـۈن مەسـچىتلەرگە تۇڭلاتقۇلارنـى قويۇشقا، قىسقىسى، تۆرلۈك خەيرلىك ئىشلارنى قىلىپ، ساۋابىنى ئانىسىغا بېغىشلاشقا ئاللاھ ئۈچۈن ئەھدە قىلدى.

يىللار ئۆتۈپ، يىگىت ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ بالىلىق بولدى، بالىسىنىڭ ئىسمىنى «مۇھەممەد» قويدى.



مۇھەممەدمۇ ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە يىگىت نامازغا چىققاندا بىرقانچە كىشىنىڭ مەھەللە مەسچىتىگە تۇڭلاتقۇ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سەل ئوڭايسىزلاندى. چۈنكى، ئۇ باشقا مەھەللىلەردىكى مەسچىتلەرگە تۇڭلاتقۇلارنى قويۇپ، ئۆزىنىڭ مەھەللە مەسچىتىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان ئىدى.



شۇلارنى ئويلاپ تۇرۇشىغا مەسچىتنىڭ ئىمامى ئۇنى چاقىرىپ تەبرىكلەپ كەتتى:

ـ ئاللاھ ساڭا بەرىكەت بەرسۇن! ساڭا ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن، ئەي مۇھەممەدنىڭ دادىسى! مەسچىتىمىزگە تۇڭلاتقۇ ئەۋەتىپسەن ئەمەسمۇ؟!

يىگىت ئىمامنىڭ سۆزىدىن ھەيران قېلىپ:

– بۇ توڭلاتقۇنى مەن ئەۋەتمىدىم، – دېدى.

– ئەمىسە، بۇنى ئوغلۇڭ ئەكېلىپ سېنىڭ ئەۋەتكەنلىكىڭنى ئېيتتىغۇ!؟



دەل شۇ چاغدا ئوغلى مۇھەممەد يۈگۈرۈپ كېلىپ دادىسىنىڭ قولىنى سۆيۈپ تۇرۇپ:

– توڭلاتقۇنى مەن ئەكەلدىم، دادا! لېكىن بۇنىڭ ساۋابىنى سىزگە ئاتاشنى نىيەت قىلغان ئىدىم. ئاللاھ بۇ ئەمەلىمنى قوبۇل قىلسۇن! بۇنىڭ ئەجرىگە ئاللاھ سىزنى جەننەتتىكى سەلسەبىل بۇلىقىدىن سۇغارسۇن!

دادا ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىدى ۋە ئوغلىغا:

– ئوغلۇم! سەن ئەمدىلا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان تۇرساڭ، يا ئىشلىمىسەڭ يا ھېچقانداق تاپاۋىتىڭ بولمىسا، توڭلاتقۇنىڭ پۇلىنى نەدىن تاپتىڭ؟ – دېدى.



– بەش يىلدىن بېرى سىز ماڭا خەجلەشكە بەرگەن پۇللارنى، ھېيتلىق ۋە باشقا ھەدىيەلەرنى تىجەپ، يىغىپ ساقلاپ كېلىۋاتقان ئىدىم. سىز چوڭ ئانامغا ئاتاپ خەير – ئېھسان قىلغاندەك،

HAKSEVER

مەنمۇ بۇ توڭلاتقۇنى سىزگە ئاتاپ خەير ـ ئېھسان قىلاي دەپ سېتىۋالدىم. چۈنكى، مەن سىزنىڭ باشقا مەھەللە مەسچىتلىرىگە چوڭ ئانامغا ئاتاپ توڭلاتقۇلارنى قويغانلىقىڭىزنى كۆردۈم ـ دە، مەنمۇ سىزگە ئاتاپ شۇنداق قىلىشنى ئويلىدىم، ـ دېدى ئوغۇل تەبەسسۇم قىلىپ.

ـ يا ئاللاھ! كونىلار: «بۇ ئالەم ئۆتنە ئالەم» دەپ بىكارغا دېمەپتىكەن. ھامان بىر كۈنى باللىرىڭدىن قايتىدىكەن ئەمەسمۇ؟!

ئۇلۇغ ئاللاھ ھەقىقەتەن راست ئېيتقان ئىكەن: ﴿ئەگەر بىلسەڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب سىلەر ئۈچۈن (پانىي دۇنيانىڭ) ماتالىرىدىن ئارتۇقتۇر. (ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب تۈگىمەيدۇ. سەۋر قىلغۇچىلارغا ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز. ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىم ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا ئەلۋەتتە قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾[31].

31) نەھل سۈرىسى، 94 -97 - ئايەتلەر.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر